

تۇرسۇنئاي ھۇسەين

# تىللا يوپۇرماقلار

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



تۇرسۇنئاي ھۇسەين

# تىللايوپۇرماقلار

( ھېكايىلار )

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەت ئابلىز بۆرەيار

# تىللا يوپۇرماقلار

(ھېكايىلار)

ئاپتورى: تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەت ئابلىز بۆرەيار
مەسئۇل كوررېكتورى: ئايشەم ئابدۇۋەلى

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168 × 850مم، 32/1 كەسلەم
باسما تاۋىقى: 4.5، قىستۇرما ۋارىقى: 1
1997 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى
1997 - يىل 10 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى 4080 ——— 1

---

ISBN7—5373—0555—2/I.143
باھاسى: 4.00 يۈەن

# مۇندەرىجە


يەركىندىكى ...................... 1

ئوغۇلجان ...................... 14

داۋۇت ،ھەي تېگى پەس ...................... 47

مامۇت مەتۇ ...................... 50

كېسەللىك تارىخى ...................... 65

تىللا يوپۇرماقلار ...................... 69

موزدۇز ...................... 73

سەھەردە كۆرگەن چۈش ...................... 80

پەرق ...................... 87

خەير - خوش تۇنجى مۇھەببەت ...................... 94

بىر قىزچاقنىڭ سەرگۈزەشتىسى ...................... 124

# يەر كىندىكى

« ناھىيىنىڭ ئارتىسلىرى كەپتۇ » دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغان يارباغ كەنتىدىكىلەر پىشۋاتقان ئاشلىرىنى ، ئىچىۋاتقان چايلىرىنى تاشلاپ، بۇ كەنتتە بىردىنبىر « مەجلىسخانا » ۋە « زال » رولىنى ئۆتەيدىغان چوڭ ئەرمىدۇن دەرىخىنىڭ ئاستىغا چېپىشتى . ئۇلار بۇ ئۆمەكنىڭ تولا كۆرۈپ يادا بولۇپ كەتكەن « ئاتام ئېيتقان بايىقى » نومۇرلىرىنى ئەمەس ، بەلكى يېڭى ئارتىسنىڭ قىزىقچىلىق نومۇرلىرىنى كۆرۈشكە ئالدىرايتتى .

بۇ خەۋەرنى قوشكېزەك بالىلىرىدىن ئاڭلىغان تاجىخان چۈشۈپ قالغان رومىلىنىمۇ ئېلىۋېلىشقا كۈيمەي يۈگۈردى . ئۇ ئەرمىدۇن دەرىخىنىڭ ئاستىغا كەلگەندە سەھنىدىكى ئېلانچى قىز كىرىپ كېتىپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا لەپەردە داڭ چىقارغان قىزىقچى ئارتىس باۋۇدۇن چىققان ئىدى. تاجىخان، سەھنىدە ھەر تەرەپكە تازىم قىلىپ ، بويىدىن ئېگىزرەك دۇتارنى تۇتۇۋالغان « پەتەك »كە قارىغىنىچە چەكچىيىپ تۇرۇپ قالدى . تاجىخاننىڭ ئۇنى كۆرمىگىنىگە خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغان ئىدى .

× × ×

ئۇنىڭ بويى بىر مېتر ئون سانتىمېتر كېلەتتى ، ئارقىسىدىن قارىغاندا بەجايىكى كىچىك بالىغىلا ئوخشايتتى . يۈزىگە قارىساڭ 25 ياشلاردىن كەم ئەمەس ، ساقاللىق ، چاسا يۈزلۈك يىگىت ئىدى . بويىنىڭ پاكارلىقىنى دېمىسە قاش - كۆزى جايىدا ئىدى . مىجەزى تۇراقسىز بولۇپ ، خۇشلۇقى تۇتقاندا ئۇنىڭدىن شوخ ئادەمنى تېپىش تەس ؛ ئاچچىقى كېلىپ قالغاندا « ئېگىزنىڭ ئاچچىقى كەلگۈچە پاكارنىڭ جېنى

چىقىپتۇ » دېگەندەك ، كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى . مۇنداق چاغلاردا ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق قورۇنى بېشىغا كىيىپ ۋارقىرايدىغان بولسا بالىلىرى كىرگىلى كامار تاپالماي قالاتتى . پەتەك ئاغزى بېسىقماي سۆز-لەيتتى . ئۇنىڭ تىل - ئاھانىتىنى ھەمىشە دېگۈدەك ئۇنىڭ ياۋاش ، مۇلايىم تەبىئەتلىك ، خۇددى ئېرىنى مەسخىرە قىلىشقا يارىتىلغاندەك ئېگىز بويلۇق ئايالى تاجىخان ئىشىتەتتى . تاجىخان ئىچىدە ئېرىنى « پاكار ، پەتەك ، يەر مەدىكى ، يەرنىڭ كىندىكى » دېگەندەك گەپلەر بىلەن تىللاپ قورسىقىنى بوشىتىۋالاتتى . بۇنداق چاغلاردا پەتەك ئۇنىڭ كۆزىگە كىرىۋالاتتى .

— ھە ، ئادەمگە ئوخشىمايدىغان ئۇزۇنتۇرا ، دوزاخ شوتىسى ، ئېشىنىڭ تېخىچە پىشمىدىمۇ ، مۇشۇ چاغقىچە پىشمىغان ئېشىڭنى ئىت ئىچسۇن ، ژىنىڭغا تىق ! — دەيتتى ئۇ قىسقا قوللىرىنى سۇپىدا ئولتۇرغان تاجىخاننىڭ كۆزىگە نوقۇپ ۋە قوللىرىنى كەينىگە تۇتۇپ ھويلىدىن چىقىپ كېتەتتى . تاجىخان ھويلىدىكى يازلىق ئاشخانىسىدا كۆڭلىكىنىڭ پېشى بىلەن كۆزلىرى ۋە بۇرنىنى سۈرتكىنىچە يىغلاشقا باشلايتتى .

— ۋاي يەر كىندىكى ، يەل تاپان قەلەندەر ، ئۆلۈمنىڭ كۆزىمۇ كۆرمەيدۇ سېنى ، پېشانەمگە پۈتۈلگەن يەر مەرىزى ، بىكاردىن بىكارغا ئادەمنى تىللايدۇ ...

خۇدا ئۆز بەندىلىرىنى ھەرگىز خار قىلمايدىكەن . ئاشۇ پاكار ئادەمگە تاجىخان بولمىسا قانداق بولاتتىكىن . تاجىخان ئېرىنىڭ ئەكسىچە كېلىشكەن ، پۇت - قوللىرى يوغان چوكان ئىدى . پۈتۈن ئۆي ئىشى ۋە باغ - ۋارانىنىڭ غېمىدىن بىر ئۆزىلا چىقاتتى . يىغىم - تېرىمنىڭ ئالدىراش چاغلىرىدا بىر - ئىككى مەدىكار ياللىغاننى دېمىگەندە قالغان چاغلاردا سۇ ياقىلاش ، ئوت ئوتاش ، ئۇلاغ - ئۇلمەككە قاراش،باغۇتاغ دېگەنلەرنىڭ ئىشى ئۇنىڭ ئالدىدا خۇددى موماي شاپتۇل يېگەنچىلىك ئىش ئىدى .

پەتەككە كەلسەك ، ئۇ ئېغىر ئىشلاردا كارغا كەلمىگەن بىلەن

خۇدايىم ئۇنىڭغا يەتكۈچە ئاۋاز بەرگەن ئىدى. ئۇ نەدىكى بىر كەلسە - كەلمەس قوشاقلارنى «ئۆزۈمنىڭ» پەدىسىگە سېلىپ ھويلىدىكى سۇپىدا ئولتۇرۇپ ناخشا باشلايتتى. ناخشىنى بىر باشلىۋالسا، خۇددى ئالدار كۆسىنىڭ ناخشىسىدەك كەچكىچە توختىمايتتى. ناخشىنىڭ تېكىستلىرىمۇ قىزىق ئىدى.

تام تۆپىسىدە ئولتۇرغان،
تۇمشۇقى قىزىل قاغا.
كۆزۈم تويسا تويغاندۇ،
يۈرىكىم قانمىدى يارغا.

تاجىخان ھويلىدىكى ئۈجمە دەرىخىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ كىر يۇغاچ ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلايتتى، گاھى چاغلاردا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈۋېتەتتى. پەتەكنىڭ مىجەزى ئاشۇنداق ئۆزگىرىشچان ئىدى، خۇشلۇقى تۇتۇپ كەتسە بالا ۋاقىتلىرىدىكى ئىشلىرى بارمۇ، موزاي، كالىسى بارمۇ ناخشىغا قېتىۋالاتتى.

سۇدا ئۆردەك، تامدا مەچەك ①،
مايسا چايناپ كېلىدۇ.
تاز خوتۇنى ئاشنا تۇتساڭ،
بېشىنى قاشلاپ كېلىدۇ.

تاجىخاننىڭ چېچى شالاڭراق ئىدى. بېشىنىڭ چوققىسىدا كىچىككىدە ئۈجمىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ زېدە بولغان يەرنىڭ ئازراق تاتۇقى قالغان بولۇپ، تىرناقچىلىك ئارىلىقتا چاچ يوق ئىدى. تاجىخان چاچ تاراۋاتقاندا پەتەك، كۆرۈۋالغانمىدىكىن، شۇنىڭغا دارىتمىلاپ تاجىخاننى شاڭخو قىلاتتى. تاجىخان پەتەكنىڭ قىزىقچىلىق بولسۇن دەپ، چىرايىنى ھەر قىسما قىلىپ، قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ ئەتەي ئۆزىگە سۈر كىشىۋاتقانلى- قىنى بىلگەچكە، كۈلگىسى كېلىپ بوغۇلۇپ كېتەتتى - يۇ، لېكىن ئاچچىقى كەلگەندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىپ كۆزلىرىنى ئالايتاتتى. پەتەك-

① مەچەك — قوزا، پاقلان مەنىسىدە.

نىڭ بۇنىڭغىمۇ قوشىقى تەييار ئىدى ، ئۇ ناخشىنىڭ ئاھاڭىنى ئۆزگەرتىپ يېڭى پەدىگە كۆچەتتى ، قولىدىكى دۇتارمۇ شوخلىشىپ كېتەتتى :

ئالدىم قاۋاننىڭ قىزىنى ،
ئايدا يۇمايدۇ يۈزىنى .
قوپقىن يۈزۈڭنى يۇ دېسەم ،
ئۈيدەك ئالايتار كۆزىنى .

تاجىخاننىڭ ئاتا - بوۋىسى « قاۋان » لەقىمى بىلەن ئاتىلاتتى ، پەتەك ئاشۇ لەقەمنى كۆزدە تۇتقان ئىدى .

بۇ ئۆيدە پەتەككە ئىش ئاشمايتتى . پەقەت پەتەك تاجىخاننىڭ ئىشىغا چېپىلىۋالمىسىلا تاجىخان شۇنىڭغا خۇش ئىدى . نېمدەپ ناخشا ئېيتسۇن ، ئۆزىنى نېمدەپ زاڭلىق قىلسۇن خاپا بولۇپ كەتمەيتتى . بۈگۈن پەتەكنىڭ كۈرۈكلىرى يېشىلىپ كۆڭلى خۇش ئىدى . شۇڭا ئۇدۇتارنىتاشلاپراۋاپنىقولىغا ئالدى -دە،يەنىمۇشوخپەدىلەرگەچالدى:

ئۇ يانمۇ زەيكەش ،
بۇ يانمۇ زەيكەش .
ۋاي تاجىخان
ئارقامدىن ئەگەش .
جېنىما ، ۋاي دادەي .

ئۆپچۆرىسىدە سەكرەپ ئۆزىچە شوخ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتكەن پەتەككە تاجىخاننىڭ تۇرۇپ مەسلىكى كېلەتتى ، ئۇنىڭ ئۆزىنىمۇ قوشاققا قېتىۋالغىنىدىن سۆيۈنەتتى . بويىنىڭ پاكارلىقىنى ۋە ئاچچىقىنىڭ يامانلىقىنى دېمىسە پەتەك ياخشى ئەر ئىدى . ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن نەچچە يىللىق ئۆمۈرنىڭ زارلىنغۇدەك يېرى يوق ئىدى . پەتەك قول ئىلكىدە بار ئاتا - ئانىسىنىڭ ئارزۇلۇق يالغۇز بالىسى بولغاچقا ئاتا - ئانىسى پۈتۈن تەئەللۇقاتىنى ئۇنىڭغا مىراس قالدۇرغان ئىدى . تاجىخاننىڭ ئىشچان ، قولى گۈل خوتۇن ئىكەنلىكى ئوقۇرمەنلەرگە مەلۇم بولغاچقا بۇ ھەقتە يەنە سۆپەت بېرىش ھاجەتسىز . تاجىخاننىڭ كۆيۈپ - پىشىپ ، ئۆزى ئېيت-

قانـدەك « چـىچـىـنـى سۈپۈرگە ، قولنى كۆسەي » قىلىپ ئۆي تۇتۇشى نـەتـىـجـىـسـدە تەئەللۇقات كىمىيش ئۈياقتا تۇرسۇن بارغانچە كۆپەيدى . پـەتـەك ئاشـۇ يـىـزـىـدـىـكـى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ كىچىلىك كۆزەتچىلىكىنى قـىلىپ ئىيىغا 135 سوم مائاشقا ئىشلەيتتى . ئۇ چاغلاردا بۇنچىلىك پۇل خىـ لىلا كۆپ سانىلاتتى . پەتەك ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەتتىن لەڭ يىگىنىگە ( مائاش ئالـغـىـنـىـنى دىمەكچى ) خىلى گىدىيەتتى . پاكارلىقىغا باقماي ھالى چوڭ ئىـدى . تـىـخـى ئانـچـە ـ مۇنچە ئادەم ۋە ئىشلارنى ياراتمايتتى . كىچىسى كـۆزەتچىلىك قىلغاچ ئاز ـ تولا ئۇخلىۋىلىپ كۈندۈزى مەھەللىدە ئۆزىنى تـۆزەپ ـ يـاسـاپ يـۈرۈشكە ئامراق ئىدى . بۇگۈنمۇ ئۇ قارىماي سۈركەپ قـويـۇلـغـانـدەك قـاپقارا ساقىلىنى ياسىتىپ ، چاچلىرىنى تاۋۇز شاپىقىدەك قـىردۇرۇپ « چىرايلىقلىشىپ » ، كۆڭلى ئېچىلىپ كەتكەن ئىدى . ئۇنىڭ قوشاقلىرىمۇ خىلمۇ خىللىشىپ بارغانسىرى قىزىقى چىقماقتا ئىدى .

ئەجەبمۇ يارىشىپتۇ ،

يارىم بەرگەن كۆك پايپاق .

تـاجىخان بۇ قاملاشمىغان قوشاقنى ئاڭلاپ كۈلۈۋىرىپ ئۇچەيلىرى تـارتـىـشـىـپ كـەتـكـەندەك بولدى ـ دە ، قورسىقىنى چاڭگاللاپ ھويلىدا دومىلاشقا باشلىدى .

پەتەكنىڭ سەدەپتەك چىشلىرى ئېچىلىپ ، كۆڭلى يايراپ كەتتى . ئۇ كـۈلـگـۈنچەك خوتۇنىغا ئامراق ئىدى . ئۆزىنىڭ كەپلىرى ، تايىنى يوق نـاخـشـىلىرىغا كۈلۈپ ، قىتىپ قالىدىغان خوتۇنىنىڭ ساددا مىجەزىنى بەك يـاخشى كۆرەتتى . ئۇ ناخشا ئېيتقاندا بىرى گەپكە تۇتۇپ « ناخشىنىڭ بىـ لـىـنـگـە تـەپـسـە » پـاراڭـنـى تـوگـىـتـىـپ يـەنـە كـەلـگـەن يـىـرـىـدىن داۋاملاشتۇرۇۋىرەتتى .

نىمە ئانچە يىغلايسەن ،

مەيدەڭدە سۆڭەك بارمۇ .

تاجىخانىڭ چىدىغۇچىلىكى قالمىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چىققان يـاشـلـىـرـىـنى سۈرتۈشكىمۇ ، ئورنىدا رۇسلىنىپ ئولتۇرۇشقىمۇ مادارى قالـ

مىدى . پەتەك ئۇنىڭ مۇشۇ ھالىتىگە كۈلۈپ بايىقى قوشاقنى ئېيتقان ئىدى .

ئۆلارنىڭ ئۆيىدە تېلېۋىزور بار ئىدى ، بەزىدە تېلېۋىزوردا ھەر قايسى جايلاردىكى قىزىقچىلار ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىپ كۆرەرمەنلەرنىڭ زوقىنى تارتىشقا ئۇرۇناتتى . لېكىن خېلى ـ خېلى نومۇرلار پەتەككە ياقمايتتى . بىز باشتا دېگەندەك ئۇنىڭ خېلى ھالى بار ئىدى .

— نېمە بۇ ، — دەيتتى پەتەك ئېغىز ـ بۇرۇنلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ ، — نەدىكى نېمىلەر تېلېۋىزورغا چىقىۋېلىپ سەھنىنى مۇزلىتىۋەتتىغۇ ، سەھنە دېگەنگە بىزدەك ئوغۇل بالىنى چىقىرىپ قويىدىغان بولسا بارمۇ ، خەق دېگەن « ئويۇن ماۋۇ يەردىكەن ئەمەسمۇ » دەپ ئاغزىنى ئېچىپ قالاتتى ، بېلەت نەرخى 15 سومغا چىقمىسا قۇلىقىمنى ساپالدا كېسىپ بېرەتتىم .

— ما پوچىنىڭ ھالىنى ، — دەيتتى تاجىخان ئاغزىنى سىگايان قىلىپ ، — ھۆكۈمەت ئەجەب سىلىنى ئارتىس قىلماپتىغۇ .

— بىز دېگەن كىم ؟ — دەيتتى پەتەك خۇددى كىچىك بالىلار قوي يۇڭىدا ياساپ چاپلاپ ئالغاندەك قاپقارا بۇرۇتىنى تولغاپ قويۇپ ، — ھۆكۈمەت بىزدەك ئوغۇل بالىنىڭ تاجەكنىڭ كۆڭلىنى ئېچىپ زايا كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالىدىغان بولسا ئىش باشقىچە بولاتتى .

تاجىخان بالىلىرىغا قوشۇلۇپ راسا كۈلدى . ھەر كىمنىڭ ئۆز خۇيى بولغاندەك پەتەك ئويۇن ـ تاماشىغا بولۇپمۇ ناخشا ـ ئۇسسۇلغا بەك ئامراق ئىدى . تىياتىر دېسە يىراق كۆرمەي يېزا بازىرىغا باراتتى ۋە بېلەتنىڭ ئورنى بىلەن ھېسابلىشىپ يۈرمەي ھەر قاچان سەھنىنىڭ ئالدىدىن ئورۇن ئالاتتى . ھەر قانداق كۆرەرمەننىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ يەرگە بىر كۆتەك ياكى ئىككى پارچە خىشنى قويۇۋېلىپ بوينى تېلىپ كەتكۈچە ئويۇن كۆرەتتى . ئويۇن ئاياغلىشا ـ ئاياغلاشمايلا ئىككى قولىنى ئارقىسىغا قىلىۋېلىپ ئۆزىنىڭ ھېلىقى پەلپەتىش ناخشىسىنى باشلىۋېتەتتى . يېزىنىڭ ناخشىچىلىرى ناخشا ئېيتسا چاۋاكنى ئايىغان خەق بۇنىڭ ناخشىسىغا

كەلگەندە چاۋاك چېلىشاتتى، ئىسقىرتاتتى. يىراقتىن كۆرەلمەي قالغانلار ئورۇندۇقلارنىڭ ئۈستىگە چىقىشاتتى. بۇنداق چاغدا بىرسى پەتەكنى دەس كۆتۈرۈپ تۆگىتاتاڭ ئېتىۋالاتتى. پەتەكمۇ ھېلىقى كىشىنىڭ يەلكىسىدە خۇددى كىرىسلودا كېرىلىپ ئولتۇرغان ئەمەلداردەك ئولتۇرۇپ ناخشىنى ئەۋجىگە چىقىراتتى. كۆرەرمەنلەرمۇ ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى.

ناگان ـ ناگاندا، ئۆزىنىڭ قەددى ـ قامىتىنىڭ قاملاشمىغانلىقىدىن ئارتىس بولالمىغانلىقى ئېسىگە چۈشسە پەتەكنىڭ كۆڭلى يېرىم بولاتتى، ئۇ ئۆزىنىڭمۇ خۇددى تاجىخاندەك كېلىشكەن «شادىپاچاق» بولۇپ قېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇلۇشكۈنكى ۋەقەدىن كېيىن ئۇ ئويۇنغا بېرىشتىن سەل قورقۇپ قالدى.

ناھىيىنىڭ ئارتىسلىرى كېلىپ بۇ مەھەللىدە ئويۇن قويىدىغانلىق خەۋىرى تارالدى. ئويۇنلا بولسا ھەر قاچان قولدىن بەرمەيدىغان پەتەك بۈگۈنمۇ كەچلىك تاماقنى چالا ـ پۇلا يەپلا يېزا بازىرىغا بېرىۋالدى. ئويۇننىڭ بېلىتىنى ئېلىپ يازلىق كىنوخانىغا ھېچكىم كىرمەستە كىردى ـ دە، ئالدىنقى رەتتىن ئورۇن ئىگىلىدى. يىراق كەنتلەردىن كەلگەن كۆرەرمەنلەر بالا ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن بىرگە ئورۇن ئىگىلەشتى. ئاخىرى ئادەم سىغقۇدەك جايمۇ قالمىدى، كىنو قويىدىغان ئۆينىڭ ئۈستى، سەھنىنىڭ تاملىرى ھەتتا ئەتراپتىكى تېرەكلەرنىڭ ئۈستىمۇ ئادەم بىلەن توشۇپ كەتتى. ئويۇن باشلاندى، كۆرەرمەنلەرنىڭ شۇنچە كۆپ ۋە قىزغىنلىقىغا قارىغاندا سەھنىدە قويۇلۇۋاتقان نومۇرلار كونا بولغاچقا كۆرەرمەنلەر لەسسىدە بولۇپ قېلىشتى، ئارتىسلارنىڭ تىپىرلاشقىنى بىكار بولۇپ، چاۋاكلارمۇ قوقاستا ئېتىلغان كۆممىقۇناقتەك ئاندا ـ ساندا چىقىپ قالاتتى. كۆرەرمەنلەر بىرلەپ، ئىككىلەپ تارقاشقا باشلىدى. بۇ چاغدا ئىشىك تۇسۇۋاتقان يىگىت ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ ئالدىنقى رەتكە بېرىپ ئويۇن كۆرۈۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا، زالغا كىرەلمەي بويۇنداپ تۇرغان بىكارچىلار، ئۇششاق باللار گۇررىدە كىرىپ زالنىڭ ئىچى ئۆرۈنتۆپە بولۇپ كەتتى. ئارقىسىدىكىلەر ئالدىغا تەرمەچتەك تۇرۇلدى. قىستىلىپ

چېكىنىدۈرۈلگەن پەتەك سەھنىنىڭ تېمىغا تاقىلىپ قالدى ـ دە ، ۋارقىرىۋەتتى . ئەگەر سەھنىدىكى قىزىقچى ئارتىس ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ ئېلىپ ، ياندىكى كالتە تامغا چىقىرىپ قويمىغان بولسا ئۇنىڭ بويىدىن سەللا ئۇزاق بولغان ئۆمرى مۇشۇ يەردە ئاياغلاشقان بولاتتى . پەتەكنىڭ خېلىغىچە يۈرىكى ئورنىغا چۈشمىدى . ناخشا ـ ئۇسسۇل نومۇرلىرى ئاياغلاشتى . ئۇ ئادەتتىكىچە ، كۆرەرمەنلەر تارقىماستا قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇۋېلىپ « بىر قەپەس ناخشا ئېيتىپ » ( ئۇنىڭ گېپىچە ) خۇمارىدىن چىقىۋالماقچى ، كۆرەرمەنلەرنىڭ ھەببارىكاللىسىنى ئالماقچى بولدى . بىراق ، ھېلىقى « مايمۇن » ئۇنى چىقىرىپ قويغان كالتە تام پەتەككە خېلىلا ئېگىزلىك قىلىپ ، ئۇ خېلى بويۇنداپ باقتى ، لېكىن سەكرەشكە جۈرئەت قىلالمىدى ، ئۇنىڭ پەسكە چۈشۈش مەقسىتىدە قىسقا پۇتلىرىنى تېپىرلىتىپ ۋارقىراشلىرى شۇئان ئارتىسلارنى جەلپ قىلدى . ئۇلار پەتەككە قاراپ كۈلۈشتى . ئۇ ۋارقىراشنى شاپىدە توختىتىپ ، ئۆزىگە قارىغاندا يوغان ، بوم ئاۋازى بىلەن ناخشا باشلىۋەتتى :

شاپتۇل چېچىكى سايدا ،
سەت خوتۇنغا ئەر قايدا .
خوتۇن ئالساڭ سەتنى ئال ،
گىرىم پۇلىغا پايدا .

پەتەك ناخشىنىڭ بەزى گەپلىرىنى ئۆزگەرتىپ ئالغان بولسىمۇ كۆرەرمەنلەرنىڭ قىزغىنلىقىغا تەسىر يەتمىدى .

ــ ھا ، ھا ، ھا ... ياشاپ كەت يىگىت ، ــ دەپ تۇۋلاشتى كۆرەرمەنلەر « زال » نى بېشىغا كىيىشىپ .

بىر ياش يىگىت سەھنىگە سەكرەپ چىقىپ پەتەكنى شىللىسىگە مىندۈرۈۋالدى ـ دە ، سەھنىدىن چۈشۈپ خالايىقنىڭ ئارىسىغا كىردى . كۆرەرمەنلەر ئۇنى دەي ـ دەيگە سالاتتى :

ــ « شاپتۇل چېچىكى سايدا » نى ...

ــ ھە ... ھە ... « دولاننىڭ قىزى » نى ...

پـەتەك كۆرەرمەنلەر ئارىسىدا ئاغىنىلىرىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۆزىنى كـۆتـۈرۈۋالغان يىگىتنى خۇددى ئاتنى تېقىمدىغاندەك تېقىمداپ ئاشۇ ياققا ئۈنـدەيـتـتـى . يـىگىتمۇ ئۇنىڭ رايىغا بېرىپ ئۇ شەرەت قىلغان تەرەپكە ماـ گـاتـتـى . پەتەكنىڭ بىر ياخشى خۇيى، ئولتۇرۇشلاردا تاڭ ئاتقۇچە دۇتار چېلىپ چىقسىمۇ هارمايتتى، ئاۋازى بارغانسېرى ئېچىلاتتى، شۇڭا ئۇنىڭ دوستلىرى كۆپ ئىدى .

تاجىخان كۆرەرمەنلەر ئارىسىدا ھەممىدىن ئېگىز بولۇپ كېتىۋاتقان ئېرىـنى كۆرگەندە خۇشلۇقتىن تېرىسىگە سىغمىدى . لېكىن، ئۇنىڭ ئۆيدە ئۆزىـگىلا ئېيتىپ بېرىدىغان ناخشىلىرىنىڭ جامائەت ئالدىدا ئاشكارا بولغىـنىـنـى كـۆرۈپ ھۆپپىدە قىزاردى، ھەممە ئادەم گويا ئۆزىگە قاراۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ ئىزا تارتىپ كەتتى .

— خەپ پـەتـەك، سېنىڭ جاجاڭنى كالتە تام ئوبدان بېرىدىكەنـ غۇ، — دېدى ئۆزىچە غۇدۇراپ .

× × ×

تـاجـىخان ھويـلـىـدا يـوتقان تىكىۋاتاتتى . ئەمدىلا تىكىپ تېخى سـىـيـرىـماي قـاتلاپ قويغان يوتقاننىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىغان پەتەك يـۇمـشاق يـوتـقانغا چۆكۈپلا كەتتى . تاجىخاننىڭ جان، ـ ئىمانى چىقىپ ۋارقىرىدى .

— قـوپـسـىلا، ھوي ئادەم . قـىـلمىغان شۇ قىلىق قالدىمۇ ئەمدى . تېخى سىيرىمىغان يوتقاننىڭ پاختىسىنى بۆلۈپ ...

— ھە، بـىـر پـاخـتـا ئاتاي دەيمىنا خوتۇن، — دېدى پەتەك غەم تارتماي .

تـاجـىخان پاختىلارنىڭ بۆلۈنۈپ ئېگىز ـ پەس بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسـىـرىـدىـمۇ يـاكـى پـەتـەكنىڭ ئۆزىگە دەخلى قىلىشىدىن زېرىكتىمۇ پەتەككە ئاچچىقلاشقا باشلىدى .

— ئـىـش دېسە باش ئاغرىيدۇ، يەڭ دېسە يۇمشىقنى تاللايدۇ . ئاـ

دەمنىڭ قىلغان ئىشنى بۇزغىنى بۇزغان ، كىچىك بالىدەك ...

پەتەكنىڭ جان ـ ئىمانى چىقىدىغان گەپ مۇشۇ « كىچىك » ، « قىسقا » ، « پەس » دېگەندەك سۆزلەر بولۇپ ، بۇلارنى ئۆزىنىڭ كالتە بويىغا قىلىنغان دارىتما دەپ چۈشىنەتتى . خوتۇنىنىڭ گېپىدىن ئىمانى 40 گەز ئۆرلىدى ـ دە . ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى .

ـــ ھەي ! شويىنا بەل ، لىككتابسما ، ھەي بوش مەيسە ، كىم كىچىك ... كىچىك بالىدەككەن ... سەن تېخى مېنى زاڭلىق قىلىۋاتامسەن ؟ ھوي ئادەم سەتى لەغمەن تاختاق ، ھەي ئۇزۇن بويۇن زىراپە ( بۇلارنى تېلېۋىزوردىن ئۆگىنىۋالغان بولسا كېرەك ) ، تېخى مېنى كىچىك بالىدەك دەۋاتقىنىنى .

پەتەكنىڭ شۇنداق ئاچچىقى كەلدىكى ، ئۆزىنى زادى تۇتۇۋالالماي ساپما كەشىنى سېلىپ تاجىخانغا ئاتتى .

ـــ مانا ئەمىسە ، مانا ئەمىسە ، ـــ ئۇنىڭ تىككەن يوتقانلىرىنى پېتىقلاشقا باشلىدى . تاجىخان ئۇنىڭغا ئېسىلدى . ئۇ تاجىخاننى ئىتتىرىۋەتتى ، تاجىخان بىخەستە تۇرغاچقا سۇپىدىن يىقىلىپ چۈشتى . پەتەك قىسقا قوللىرىنى ئىشقا سېلىپ تاجىخان ئورنىدىن تۇرغۇچە بىر نەچچىنى ئۇرۇۋالغان بولدى . تاجىخاننىڭ ئۇنىڭغا كۈچىغۇ يەتكەن بولاتتى ، بىراق يېزىلاردىكى ئۇيغۇر ئاياللاردا « ئەر دېگەن پىرىم خۇدا » دېگەن قاراش كۈچلۈك بولغاچقا تاجىخانمۇ بۇ ئىدىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئىدى . شۇڭا ئۇ ئېرىگە قول ئۇزىتىشنى خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى . ئۇ قايسى كۈندىكى ئويۇندا ئېرىنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلىۋالغان ئىدى . شۇڭا ئۇ ئېرىنى دەس كۆتۈرۈپ ئاشخانىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىرىپ قويدى ، ئۆگزە ئۇنچە ئېگىز بولمىسىمۇ ، پەتەككە خۇددى موما ياغاچنىڭ ئۇچىغا چىقىپ قالغاندەك تۇيۇلدى . ئۇ ئۆگزىنىڭ تۆت تەرىپىنى ئايلىنىپ ھېچ يەردىن چۈشۈشكە كۆزى يەتمىدى . ئەمدى ئۇنىڭ خوتۇنىنى تىللاپ پايدا ئېلىشقا كۆزى يەتمەي تاجىخانغا يالۋۇرۇشقا باشلىدى .

ـــ ۋاي چىرايلىق گۈلتاجى ، بويلىرىڭ قامچىدەك تۆگە تاجى ،

چۈشۈرۈپ قويساڭ، بازار كۈنى پەپەزە ئېلىپ بېرىمەن.

— پەپەزەڭنى چېكەڭگە تاڭ، يەنە ئۈزامسەن؟ تىللامسەن؟

— ۋاي تىللىمايمەن.

— يەنە خاپا قىلامسەن؟

— ۋاي داد! يوتقانلىرىڭنى پېتىقلىمايمەن.

تاجىخان ئۆگزىگە قولىنى ئۇزاتتى. پەتەك خۇددى قولغا ئۆگەنگەن مايمۇن بالىسىدەك تاجىخاننىڭ قولىغا ئېسىلىپ بويىنىغا گىرە سالدى. تاجىخان ئۇنى بۆۋەكنى كۆتۈرگەندەك ئېلىپ يەرگە قويدى. دەرۋازا ئالدىغا يېقىنلىغان بىر توپ كىشىلەرنىڭ كۈلكىسى بۇ ئىككىسىنى چۆچۈتىۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تونۇگۇن ئويۇن قويغان ئارتىسلارمۇ بار ئىدى.

— نېمە گەپ، ئويۇن قويامسىلەر نېمە؟ — دېدى پەتەك خۇشاللىقىدىن چاۋاك چېلىپ.

— ھە، بۈگۈن سىلىنىڭ مەھەللىدە ئويۇن قويىمىز.

— ۋاي ئۆيگە كىرىڭلار ئوبدان ئارتىسلار، ۋاي تاجەك، ياق تاجىگۇل، ئايۋانغا كۆرپە سال، مەن باغدىن قوغۇن، تاۋۇز، ئالما، ئۈزۈم ئەچىقاي، ئۆيگە كىرىڭلار مېھمانلار.

پەتەكنىڭ خۇشاللىقى ئىچىگە پاتماي، ھويلىدا يەل توپتەك دۈگىلەپ يۈرەتتى. تاجىخاننىڭ داستىخىنىدىن رازى بولۇپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقان ئارتىسلار ۋە ئۆمەك باشلىقى ئۆزلىرىنى ئۇزاتقىلى چىققان پەتەككە جىكىلەپ:

— باۋۇدۇن ئاخۇن ئۇكام، ئەمىسە دۇتارلىرىنى ئېلىپ ئويۇنغا بارسىلا، بۇ سىڭلىمىزمۇ بېرىپ كۆرۈپ كەلسۇن، — دېدى تاجىخاننى كۆرسىتىپ.

— بولىدۇ بارىمەن، ھە ... بارىمىز، بارمامدىغان، — پەتەك دوپپىسىنى پېشانىسىغا سۈرۈپ بۇرۇتىنى تولغاپ ھەييارلارچە كۆزىنى قىستى.

× × ×

ئەرمىدۇن دەرىخىنىڭ ئاستىدىكى سۇپىنىڭ بىر تەرىپىگە دۇخاۋا پەردە تارتىلىپ گازۋاي چىراغلار ئېسىلغان ئىدى. پەستە چوكان قىزلار گازىر چاقچاق پەردىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈشۈپ ۋاتىلداپ ئولتۇرۇشاتتى. ئەرلەر ئادىتىچە بىر يەرگە دۈگىلەك بولۇشۇپ پاراڭغا چۈشكەن ئىدى. شۇ ئارادا پەردىنىڭ قېتىدىن چىرايلىق بىر قىز سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ قولىنى ئارقىسىغا قىلدى، — دە، پەردە بۆلەكلىرىنى قوشۇپ تۇتقىنىچە ئېلان قىلدى:

— نۆۋەتتىكى نومۇرىمىزدا دۇتار بىلەن ناخشا، باۋۇدۇن ئاخۇن ئورۇنلايدۇ.

كۆرەرمەنلەر، سەنئەت ئۆمىكىگە باۋۇدۇن ئاخۇن ئىسىملىك بىر يېڭى ئارتىس كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ سەھنىگە بويۇنلىرىنى سوزۇپ قاراشقا باشلىدى.

دۇخاۋا پەردە ئىككى تەرەپكە ئاستا تارتىلدى، سەھنىگە ئۆز بويىدىن تەگمۇ تەڭ ئېگىز دۇتارنى كۆتۈرگەن پەتەك پۇتبول توپتەك دۈگىلىگىنىچە چىقىپ كەلگەندە پەستىكىلەر خۇددى قۇرۇق ئوتۇن ئۇشتۇلغاندەك قاقاقلاپ كۈلۈشتى. بۇ كەنتتىكى ھەممە ئادەم ئۇنى كىچىكىدىنلا «پەتەك» دەپ كۆنگەچكە ئەسلى ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھېچ كىشى بىلمەيتتى. ئۇمۇ مەزىناخۇنۇم ئات قويغاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئۆز ئىسمى بىلەن ئاتالغان بولسا كېرەك.

باۋۇدۇن پەتەكنىڭ ئورۇنلايدىغان نومۇرى ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭ سەھنىدە پەيدا بولۇشىلا قىزىق بىر تاماشا ئىدى.

باۋۇدۇن پەتەك ئاۋۋال تەمكىنلىك بىلەن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋېلىپ قىسقا پۇتلىرىنى مىنگەشتۈرۈۋالدى، ئاندىن دۇتارنى سازلىدى ـ دە، شوخ ناخشىنى باشلىۋەتتى:

باغقا رەيھان تېرىسام،

باغدا بۇدۇشقاق بولغۇدەك .
هاشىمكامنىڭ كەنجى قىزى ،
كۈندە ئۇرۇشقاق بولغۇدەك .
ۋاي جېنىما ،
ۋاي جېنىما ،
كۈندە ئۇرۇشقاق بولغۇدەك .

باغقا رەيھان تېرىسام ،
ئۈنۈپ چىقتى ئۈچ قۇلاق .
بۇ دۇنيادا بارمىدۇ ،
بىزنىڭ ياردەك كۆزلىرى بۇلاق .
ۋاي جېنىما ،
ۋاي جېنىما ،
كۆزلىرى بۇلاق ، چاچلىرى ئۇلاق .

تاجىخان ئىنجىل بولغىنىدىن شەلپەردەك قىزاردى . ئۇنىڭ قىزارغىنىنى باشقىلار كۆرمىگەن بولسىمۇ غۇدۇراپ تىللىغىنىنى ھەممە ئادەم ئاڭلىدى .

— ۋاي بېشىڭنى يەيدىغان يەرمەدىكى ، مەن ئاز كېلىپ دادامنىمۇ قوشاققا قېتىۋالغىنىنى ...

ئارقا - ئارقىدىن ئېيتىلغان ناخشىلار ، كۈلكىلىك قوشاقلار ، لەتىپىلەردىن زوقلانغان كۆرەرمەنلەر قاقاقلىشاتتى ، ئىسقىرتىشاتتى ، چاۋاك چېلىشاتتى .

پەتەك بولسا مىكروفونغا يېقىن كېلىۋېلىپ كۈلگىنىچە سۆزلەيتتى :
— ھا ... ھا .. ئاغىنىلەر ، قانداق خەق سىلەر ، پۇچۇق قاپاقتىن سۇ توكۇلگەندەك كۈلۈۋەرگەنمۇ بارمۇ ، كۈلمەڭلار دېگەندىكىن كۈلۈۋەرمەڭلار دەيمەن ...

1989 - يىل 11 - ئاي

# ئوغۇلجان

## 1

كونىراپ قالغان جىپ ماشىنا تاغ يولىدىن ئەگىپ ، دەريا كۆۋرۈكىدىن ئۆتتى . يول تاناپتەك تۈز ئىدى . ماشىنىنى خالاستايغا قويۇۋەتكەن شوپۇر بايىقى جىددىيچىلىكتىن سەل پەسەيدى . كىرلەشكەن پەلىيى بىلەن تەرنى سۈرتتى – دە ، تاماكا تۇتاشتۇردى .

شوپۇر يېنىدا ئولتۇرغان ھەمراھىغا قارىدى ، بۇ ھەمراھ ئورۇققىنا كەلگەن ئەر كىشى بولۇپ ، ئىسمى نۇرۇم ئىدى . ئۇ خۇددى ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا ئۇخلاۋاتقان بوۋاقتەك بويىنىنى سىڭايان قىلىپ ئۇخلاۋاتاتتى . شوپۇرنىڭ ئىچى پۇشتى ...

ماشىنا ئۇچقاندەك كېتىپ باراتتى . يولدا ئىت – مۈشۈك چاغلىق نەرسە ئۇچرىمايتتى . نېمىدېگەن ... ئۇشتۇمتۇت ... مانا مۇشۇنداق ئۇشتۇمتۇت ھادىسىلەر قانچە ماشىنىلارنى ماشىنىغا ، ئادەملەرنى تاغۇتاشلارغا ئاپىرىپ سوقىدۇ – ھە ! شوپۇرلار ئاشۇنداق ئۇشتۇمتۇت پاجىئەلەرنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن بەك ئەنسىرەيدۇ . دېمىسىمۇ ھازىر شۇ خىل قورقۇنچلۇق ھادىسە يۈز بېرىپ ، ماشىنا چىرقىرىغىنىچە پىرقىراپ ، يول چېتىدىكى ئېرىققا تىقىلىپ توختىغان ئىدى . ماشىنىنىڭ ئالدى سول چاقىغا سوقۇلغان بەش – ئالتە ياشلاردىكى بالا يولدا ئىڭراپ ياتاتتى .

ماشىنىنىڭ قاتتىق سىلكىنىشىدىن ئويغانغان نۇرۇم كۆزلىرىنى ئېچىپ ، يولدا ماشىنىنىڭ ئەتراپىغا ئولاشقان كىشىلەرنى كۆرۈپ داڭ قېتىپ قالدى . ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ كىشىلەر ئارىسىغا كىردى . شوپۇر يۈز – كۆز ۋە ماتروسچە كىيىم – كېچەكلىرى قانغا بويالغان بالىنى كۆتۈرۈپ ئەكەلگەنچە نۇرۇمغا تۇتقۇزدى – دە ، دەرھال ماشىنىنىڭ يېنىغا

بېرىپ ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ماشىنىنى ئېرىقتىن چى-
قاردى . نۇرۇم بالىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ياتقۇزدى . ماشىنا قوزغىلىۋاتقاندا
ئۇشتۇمتۇت كىشىلەر توپىنى يېرىپ ئۆتكەن ياش ئايال ماشىنىغا ئېسىلىپ
بالىغا قارىدى - دە :

— ۋاي جېنىم بالام ، — دەپ چىرقىرىغىنىچە ھوشىدىن كېتىپ
ماشىنا ئىشىكىنىڭ ئالدىغا يىقىلدى . شوپۇر ئىتتىك چۈشۈپ ئايالنى يۆ-
لەشتۈرۈپ ماشىنىغا ئولتۇرغۇزدى ، نۇرۇم ئېچىنغان ھالدا ئايالنىڭ
چىرايىغا قارىدى - دە ، خۇددى توك تېپىۋەتكەندەك چۆچۈپ كەتتى .

جىپ ئوڭغۇل - دوڭغۇل يوللاردا سىلكىنىپ ئىككى سائەتچە
يۈرگەندىن كېيىن ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى .
نۇرۇم بالىنى ئېلىپ ماشىنىدىن چۈشتى . شوپۇر ياش ئايالنى يۆلەپ
دوختۇرخانىغا ئېلىپ كىردى ، سېسترالارنىڭ ياردىمىدە ئۇلارنى جىددىي
قۇتقۇلدۇرۇش بۆلۈمىنىڭ كارىۋىتىغا ياتقۇزدى . دوختۇر بالىنىڭ يارىسىنى
يۇيۇپ تاڭدى . بالا قانسىراپ كەتكەنلىكتىن قان سېلىشقا توغرا كەلدى .
قېرىشقاندەك دوختۇرخانىدا زاپاس قان تۈگەپ كەتكەن ئىدى . قانداق
قىلىش كېرەك ؟ دوختۇر قۇتقۇلدۇرۇش بۆلۈمىدىن چىقىپ ، كارىدوردا
ساقلاپ ئولتۇرغان شوپۇر يىگىت بىلەن نۇرۇمدىن :

— بالىغا قان بېرىش كېرەك ، بالىنىڭ قېنى O تىپلىق ئىكەن ،
قايسىڭلارنىڭ قېنى O تىپلىق ؟

— ئىككىمىزنىڭ قېنىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈڭ دوختۇر ،
بىرەرسىمىزنىڭ قېنى چۈشۈپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس ، — دېدى نۇرۇم .

نەتىجىدە نۇرۇمنىڭ قېنى O تىپلىق بولۇپ چىقتى . قارامتۇل قى-
زىل سۈيۈقلۇق نۇرۇمنىڭ بىلىكىدىن ئىنچىكە نەيچە ئارقىلىق بالىنىڭ
تومۇرىغا ئېقىپ چۈشمەكتە . نۇرۇم ھەيران بولغان ھالدا بىردە بالىغا ،
بىردە نېرىقى كارىۋاتتىكى ئايالغا قارايتتى . قارىغانسېرى ئايىغى يوق
خىياللار ئۇنى ئازابقا سالاتتى . بۇ ئايال ئۇزاقتىن بېرى نۇرۇمنىڭ كۈن-
دۈزى خىيالىدىن ، كېچىسى چۈشلىرىدىن كەتمەيۋاتقان ، ئۇ ياخشى

كۆرگەن ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىسى ئوغۇلجان ئىدى. ئۇنىڭ قايرىما كىرپىكلىرى سايە سالغان بوستانلىق بۇلاقتەك كۆكۈش كۆزلىرى، پىستەدەك چىرايلىق بۇرۇنلىرى بىر كۆرگەن كىشىنىڭ ئېسىدىن ئاسانلىقچە چىقىپ كەتمەيتتى.

## 2

ئوغۇلجان تۇزغىنە كەلگەن، ئاق سېرىق قىز ئىدى. ئۇنىڭ چاچلىرى قىزغۇچ سېرىق بولۇپ، خۇددى كەچكۈز ئاپتىپىدا تاۋلىنىپ پىشقان سۈپۈرگىنىڭ رەڭگىگە ئوخشايتتى. ئۇ قويۇق، قېلىن چاچلىرىنى باشقىلاردەك ئۆرۈپ ئىككى تال قىلىپمۇ يۇرمەيتتى، چىڭ بوغۇپ كەينىگە تۇرۇۋالاتتى. ئۇنىڭ يۈزى كەڭ ۋە سىلىق، قاشلىرى شالاڭ ئىدى. بەدەن قۇرۇلمىسى چىرايلىق، لەۋلىرى نېپىز ۋە گىلاستەك قىزىل ئىدى. قاڭشىرىنىڭ ئۈستى دۆڭ بولۇپ، ئۇ يەرنىڭ تېرىسى ئاقىرىپ تۇراتتى. ئۇ ئادەتتە ئاياللار ئىچىدىكى ئوتتۇرا بويلۇقلار قاتارىغا كىرەتتى.

ئۇنىڭ ناگان – ناگاندا ئاڭلىنىپ قالىدىغان غەمسىز كۈلكىسى كۈلگۈسى يوق ئادەمنىمۇ ئۆزىگە قارىتىپ كۈلدۈرەتتى. ئۇ مۇشۇ سىنىپقا پەيدا بولغاندىن ئېتىبارەن خۇشاللىق كۈلكىسى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى. ئۇنىڭ مىجەزىمۇ غەلىتە ئىدى. ئۇنىڭ ھەددى – ھەرىكەتلىرى قىز بالىدىن كۆرە كەپسىز ئوغۇل بالىغا كۆپرەك ئوخشايتتى. كۈلگۈسى كەلگەندە باشقىلار نېمىدەپ ئويلاپ قالار دېمەي ئۆزىنى قويۇۋېتىپ كۈلۈۋېرەتتى. كۈلۈۋېرىپ كۆزلىرىدىن ياش كېلىپ كېتەتتى، ئىككى تىزى پۈكلىنىپ دومىلاپ كېتەتتى. سىنىپتىكى، شەھەرلىك ھالى چوڭ قىزلار ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن بىزار ئىدى، ئەمما ئامال قىلالمايتتى. تېرىكتىڭمۇ بولدى. ئىشىڭنىڭ تۈگىگىنى شۇ. يەنە ئۇنىڭ يېڭى – يېڭى كۈلكىسىگە سەۋەب بولاتتىڭ. سوقۇشقىنىڭ بىلەنمۇ بىكار ئىدى. خۇددى دەريا كەلكۈنىنى كەتمەنلەپ توختاتقىلى بولمىغاندەك ئۇنىڭ كۈلكىسىنى تىللاپ، دوق قىلىپ توختاتقىلى بولمايتتى. بۇ كۈلكىدە خۇشلۇق،

غەمسىزلىك، ۋاقتى كەلگەندە مەسخىرىگە ئوخشاش مەنىلەرنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. ئۇ كەلگەندىن كېيىن سىنىپتىكى شەھەرلىك ھالدار قىزلارمۇ خېلى پەسكويغا چۈشەتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قىلىقلىرى ئوغۇلجاننىڭ كۆلكىسىگە سەۋەبچى ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ھېچكىم ئۇنىڭ بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرۇشنى خالىمايتتى. مۇئەللىم ئۇنى نۇرۇمنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. نۇرۇم خەۋپسىرىگەندەك بۇ كەپسىز قىز بالىغا يەر تېگىدىن قاراپ قويدى، قىز تىلىنى چىقىرىپ كۆلدى.

× × ×

10 - ئاي كىرىپ قالغىنىغا قارىماي داۋانچىڭنىڭ سېپىدا كۈندۈزلىرى قۇياش ئوبدانلا قىزىپ كېتەتتى. گۈپۈلدەپ ئۇرۇلۇۋاتقان ئىسسىقتا باش ئايلىنىپ، پېشانىدىن ئاققان تەرلەر كۆزلەرگە كىرىپ ئېچىشتۇراتتى.

بۇ يەرگە كەلگىلى ئىككى - ئۈچ يىل بولغانلار بىلەن يېڭى كەلگەنلەر ئايرىلىشىپ تۆمۈر يول قۇرۇلۇشىدا ئىشلىمەكتە ئىدى، يەرنىڭ توپىسىنى كولاپ دامبىغا توشۇۋېرىپ دامبا ئېگىزلەپ قالغان ئىدى. دامبىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ پەسكە قارىغاندا ھېلىلا توپا ئالغان يەر گۆردەك كۆرۈنەتتى، ئۇ يەردە ئوغۇل باللار كۆرەكلەرنىڭ سېپىغا تايىنىپ، تاماكا چېكىشىپ تۇرۇشاتتى. ئوغۇلجان بىلەن نۇرۇم زەمبىل كۆتۈرۈۋاتاتتى. ئوغۇلجان قىز بالا بولغىنى بىلەن ئېتىزلاردا يۈرۈپ ئاپتاپلاردا پىشىپ قالغاچقا بۇ غىلاڭ سايىنىڭ ئاپتىپى ئۇنىڭغا ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى. ئەكسىچە ئۇنىڭ ھەمراھى نۇرۇمنىڭ ئاپئاق يۈزى قىزىرىپ. جىڭگىلەك چاچلىرى چېكىسىگە چاپلىشىپ قالغان ئىدى. ھاسىرىغىنىدىن ئېغىزى سەل ئېچىلىپ، كۆزلىرىدىن ھارغىنلىق، يېلىنىش چىقىپ تۇراتتى. ئۇ زەمبىلنىڭ سېپىنى ئارغامچا بىلەن باغلاپ بويىنىغا ئېسىۋالغان ئىدى. بويىنىغا چۈشكەن ئېغىرلىق ئۇنىڭ قىزلارنىڭكىدەك زىلۋا بويىنى مۈكچەيتىۋەتكەن ئىدى.

— ئوغۇلجان ، — دېدى ئۇ ، — كىچىككىنە دەم ئېلىۋالساقچۇ !

ئوغۇلجان توختىدى ، ئاچچىقى كەلگىنىدىن هومايدى - دە ، زەمبىلنى يەرگە گۈپپىدە تاشلىدى . نۇرۇم شۇ يەرگىلا ئۆزىنى ئاتتى . كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىپ، قاپىرىپ كەتكەن ئالقانلىرىنى پۈۋلەشكە باشلىدى . ئوغۇلجان ئۇنىڭ ئىنچىكە بوينىغا ، قىزلارنىڭكىدەك ئاق ۋە نازۇك پېشانىسىغا قارىغانسېرى غىدىقى كېلىشكە باشلىدى .

— هۇ مەخسۇم ، — دېدى ئۇ نۇرۇمنى تىللاپ ۋە سەكرىگىنىچە دامبىنىڭ ئۈستىدىن سىيرىلىپ قىزلار توپلاشقان ئازگالغا چۈشتى . قىزلار ئۈستىدىن داڭگال ، چالمىلارنى چۈشۈرۈپ سىيرىلىۋاتقان ئوغۇلجاننى كۆرۈپ هوشىدىن كېتىپ يىقىلغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك ، قورقىنىدىن چىرقىرىشىپ كېتىشتى . ئوغۇلجان يەرگە تىكلا چۈشۈپ ئازگالنىڭ تېمىغا يۆلىنىپ قالدى . قىزلار ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈشتى .

— نېمە بولدۇڭ ؟ — دېيىشتى ئۇلار ئەنسىزلىك بىلەن ئۇنىڭ مۈرىسىنى سىيلاپ تۇپىنى قاققىنىچە ، — هېلىقى نۇرۇم دېگەن نەرسە ئىتتىرىۋەتتىمۇ ؟

— ها ... ها ... ها ... — ئوغۇلجان كۈلۈۋەتتى ، كۈلۈپ ياشلانغان كۆزلىرىنى قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن سۈرتكىنىچە جاۋاب بەردى ، — ئۇنىڭدا مېنى ئىتتىرىۋەتكۈدەك مادار نېمە قىلسۇن ؟! خۇدايىم تازىمۇ ئۇچراشتۇرۇپتۇ دە مېنى ئۇ مىس - مىسقا ، زەمبىلنىڭ ئالدىدا ماڭسا تاشپاقىدەك ئۆمىلەپ ئادەمنى هاردۇرۇۋېتىدۇ ، كەينىدە ماڭسا زەمبىلگە ئېسىلىپ سۆرىلىۋالىدۇ . مۇئەللىم بۇ نان يېمەسنى نەدىنمۇ تېپىپ ماڭا قوشۇپ قويغاندۇ ، ئۇ باشقا ئوغۇل باللار بىلەن زەمبىل كۆتۈرسە بولمامدىكىن .

— ساڭا ئامراقلىق قىلىدىغاندۇ بەلكىم .

— هە ، باشقا ئوغۇللار بىلەن زەمبىل كۆتۈرسە تەڭ ماڭالماسلىقىدىن ئەنسىرەيدىغاندۇ هەقىچان بۇ « مىسلىمىيان » ، — دېدى

ئۇ نۇرۇمنىڭ لەقىمىنى ئاتاپ .

ئوغۇلجانمۇ بۇ « مىسلىميان » غا ئۆگىنىپ قالدىمۇ ياكى مىجەزى كېلىشكەن باللار بىلەن جۈپلىشىپ بولغان زەمبىلچى « قوشماقلار » نى ئايرىۋېتىشكە كۆزى قىيمىدىمۇ ، ئىككى ئايلىق تۆمۈر يول قۇرۇلۇشى ئاياغلاشقۇچە نۇرۇم بىلەن زەمبىل كۆتۈرۈشتى .

بىر كۈنى تويۇقسىز يۈز بەرگەن ۋەقە بۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۆزگەرتىۋەتتى . بۇ ، 1958 - يىلدىكى سەكرەپ ئىلگىرىلەش مەزگىلى - ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرلىرى ، بولۇپ ، ئوقۇغۇچىلار لەنجۇ — شىنجاڭ تۆمۈر يول قۇرۇلۇشىدا خالىسانە ئەمگەككە قاتنىشىۋاتاتتى . ۋەزىپە ئېغىر بولغاچقا كېچىلىرى گۈلخان يورۇقىدا ئىشلىشەتتى ، كۈندۈزلىرى تاماق ۋاقتىدىن باشقا چاغلاردا دەم ئېلىش دېگەن يوق ئىدى . بۈگۈنمۇ باللار چۈشلۈك تاماققا چېدىرغا قايتماي مۇشۇ يەردىلا تاماق يەپ ئاندىن ئىشقا چۈشمەكچى بولۇشتى . چېدىر بىلەن ئىش مەيدانىنىڭ ئارىلىقى تۆت كىلومېتىرچە كېلەتتى . باللار مەسلىھەتلىشىپ بۇ ئىككى « مىس - مىس » نى تاماققا ئەۋەتىشتى . زەمبىل كۆتۈرۈشتە نۇرۇمغا شېرىك بولغاچقىلا ئۆزىمۇ « مىس - مىس » قاتارىغا چىقىپ قالغىنىغا ئوغۇلجاننىڭ ئىچى پۇشسىمۇ ئامال يوق ئىدى . ئىككىسى ئالتە كىلومېتىر يول بېسىپ ئىككى ئەپكەشتە تاماق ۋە چايلارنى ئېلىپ كەلگىنىدە سائەت ئۈچتىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ ، ئىشلەپ هارغان باللار يولغا قاراپ كۆزلىرى تېشىلگۈدەك بولغان ئىدى . سىنىپتا يېشى چوڭراق ، خىزمەتتىن ئوقۇشقا كەلگەن ئاتىكاچا بىر يىگىت بار بولۇپ ، ئىسمى هاشىم ئىدى . باشقا باللار چېلەكلەرنىڭ ئەتراپىغا غۇژژىدە ئولاشتى .

— توختاڭلار ، — دېدى هاشىم ئىككى قولىنى بېلىگە تېرىگىنىچە نۇرۇم بىلەن ئوغۇلجاننى سوراققا تارتىپ :

— ئىككىڭ كەتكىلى نەۋاخ ، يولدا نېمىش قىلىشتىڭ ؟

— هېچ ئىش قىلمىدۇق ، — دېدى ئوغۇلجان .

— ئىزا تارتماي يەنە گەپ قىلىسىنا قېلىن ؟

— قىلىنلىق قىلىپ نېمىش قىپتىمەن ؟ ! — دېدى ئوغۇلجان ئۇ-نىڭغا ئالىيىپ .

— گېپىڭىز بولسا ماڭا قىلىڭ ، ئۇنىڭدا گۇناھ يوق .

— ھەي مۇسۇلمىيان ، مەن ساڭا گەپ قىلمىدىم ، ماۋۇ قېلىندىن گەپ سوراۋاتىمەن .

شۇ چاغقىچە جىم تۇرغان نۇرۇمنىڭ يۈزى ھۆپپىدە قىزاردى . مۇشتلىرى تۈگۈلۈپ چاچلىرى تىك بولۇپ كەتتى . شۇئان ھاشىمنىڭ ياقىسىدىن ئالدى .

— ھەي ، سەن نېمەڭگە يوغانچىلىق قىلىسەن ، سېنى كىم بىل-مەيدۇ ؟ !

ھاشىم ئوڭ قولى بىلەن نۇرۇمنىڭ سول چېكىسىگە بىر مۇشت قويۇپ تىك موللاق چۈشۈردى . ئۇنىڭغا قانائەت قىلماي ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ راسا ساۋىماقچى بولۇۋېدى ، ئوغۇلجان ئارىلاشتى .

— ياۋاشنى بوزەك قىلىدىغان نەنىڭ نوچىسىسەن ؟ !

ھاشىم توختىدى ، ئۇنىڭ بېشىدىن ئايىغىچە قاراپ چىرتتىدە قىلىپ يەرگە تۈكۈردى .

— « پوقتا چالما ئاتساڭ يۈزۈڭگە چاچرايدۇ » دېگەن گەپ بار ، قىز بالا بىلەن تەڭ بولمايلى ، يۈرۈڭلار باللار تاماق يەيمىز .

— ھە ، قورقتۇڭمۇ ؟ !

ئوغۇلجان كۈلۈپ جاھاننى بېشىغا كىيدى . ھاشىم بۇرۇلدى ، بۇرۇن كۆمۈرچەكلىرى كېرىلدى . ئۇ :

— ئەستاغپۇرۇللا ، ماۋۇ قېلىننى ، — دېدى - دە ، ئوغۇلجاننىڭ يۈزىگە كېلىشتۈرۈپ بىر تەستەك سالدى ، ئوغۇلجانمۇ گويا شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك :

— مانا ئەمىسە ، — دەپ قالدى . باللار بىر چاغدا ھاشىمنىڭ ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ چۈشكىنىنى ، ئېغىز - بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتكىنىنى كۆردى ، ئۇ يەردە ئولتۇرۇۋېلىپ ئوغۇلجانغا ئاتقىلى ھەدەپ

چالما ئىزدەيتتى.

— خەپ توختاپ تۇر، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

ئوغۇلجان مەكتەپ ۋاسكىتبول كوماندىسىدا توپ ئويناپ يۈرۈپ پۇتبولغا قىزىققان ئىدى. پۇتبول كوماندىسىدا ئۆگەنگەن توپنى باش بىلەن ئېلىش ئۇمپىسى بۇگۈن مۇشۇ يەردە ئەسقاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇلجان قىزلارنىڭ نەزىرىدە ھەم ئوغۇللارنىڭ ئالدىدا ئاجايىپ بىر شەخسكە ئايلاندى، قىزلار ئۇنىڭ كەڭ قورساقلىقى ۋە مەردلىكىنى ياقتۇرسا، يىگىتلەر ئۇنىڭ دادىللىقى ۋە نوچىلىقىغا قايىل بولاتتى. ھەممىدىن نۇرۇمنىڭ ئۇنىڭغا ھەۋىسى كېلەتتى. ھېلىقى كۈندىكى ۋەقە ئېسىگە چۈشۈپ ئۆكۈنگەندەك بولۇپ يۈرىكىنىڭ بىر يېرى ئېچىشاتتى. مەن ئوغۇل تۇرۇپ نېمىشقا مۇنداق ئاجىز ۋە يۈرەكسىز يارىلىپ قالدىمكىنە دەپ ئويلاپ ھەسرەتلىنەتتى، گەۋدىلىك، قاۋۇل يىگىت بولغان بولسام، ھەممىسى ماڭا ھەۋەس قىلسا، ئاشۇ ئوغۇلجانمۇ ماڭا قايىل بولسا، — دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭ خىياللىرى كۆپ ئىدى. قانداقلا خىيال قىلسۇن، خىيالى بىرىپلا يەنە شۇ ئوغۇلجانغا باغلىناتتى، ئۆزىنىڭ كۆڭلىدە نېمە ئىش بار ئۆزى سەزمەيتتى، ئوغۇلجاننى نېمىشقىدۇر تولا ئويلايدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇنىڭ كۆنلىرىگە بۆلەكچە مەنە كىردى. ئوغۇلجان كۈلسە ئالەم ئۇنىڭغا كۈلگەندەك تۇيۇلاتتى، باشقا ياققا قاراي دېسىمۇ كۆزلىرى ئىختىيارسىز ئوغۇلجان تەرەپكە بۇرۇلاتتى، لېكىن دەررۇ چۆچۈپ كېتەتتى - دە، باشقا يافقا قارىۋالاتتى. بۇنداق ئەھۋال دائىم كۆرۈلەتتى. ئوغۇلجان بۇنى سەزمىدىمىكىن ياكى سەزسىمۇ سەزمەسكە سالامدىكىن، ئاۋۋالقىدەكلا پەرۋاسىز ئىدى. ئۇ دائىم كىيىۋالىدىغان قارا كۆك يوپكىسى، ئاق كوپتىسى قەددى - قامىتىگە خوپ ياراشقان بولۇپ، قىزلارنىڭ ئارىسىدا ئالاھىدە چىرايلىق كۆرۈنەتتى. قوللىرىنى تېز - تېز ھەرىكەتلەندۈرۈپ نېمىدۇر بىر نەرسىلەر ھەققىدە قىزغىن سۆزلەيتتى. ئەمگەككە ماڭغۇچە نۇرۇم بىلەن گەپلىشەتتى. ئۆزىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئالقىنىغا قاراپ قاداقلىرىنى كۆرەتتى، تېخى ئۆزىچە

تېۋىپلىق قىلىپ چىۋىقنى ئوتتا داغلاپ قاپارتقۇلارغا تەگكۈزەتتى . بۇ قىلىقلىرى شۇنچە تەبىئىي ئىدىكى ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىر گەپ بار دېسە ھېچكىم ئىشەنمەيتتى ، پەقەت ھاشىمنىڭلا بۇلارغا ئاستىرتتىن سەپسېلىپ يۈرگىنىنى نۇرۇم بايقايتتى . ئەمما بۇ ئىش ئوغۇلجاننىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايتتى .

× × ×

ئەمگەك ئاخىرلىشىپ ئوقۇش باشلىنىپ كەتتى . تەقدىر – ئىرادە بۇ ئىككىسىنى بىر پارتىغا ئورۇنلاشتۇردى . نۇرۇم ئېغىر – بېسىق ، تىرىشچان بالا ئىدى ، ئوغۇلجان بولسا بىغەم ، كەپسىز قىز ئىدى ، بىرەر سائەت دەرستىمۇ جىم تۇرالمايتتى . ئۇ بىرەرمۇ دەرسنىڭ كونسپېكتىنى تولۇق يازمايتتى . تىنچ ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلىمايتتى . يىللىق ئىمتىھان يېقىنلىشىپ قالدى ، ھەممە باللار ئاخشاملىرى كارىدور ۋە مەيدانلاردىكى چىراغلارنىڭ تۈۋىدە ، سىنىپلاردا ، مەجلىسخانا ، كۇتۇپخانىلاردا دەرس تەكرارلىشاتتى . بىرلا ئوغۇلجان غەمسىز دېگۈدەك ئىدى . ئۇ ، دەپتىرىنى قولتۇقىغا قىسىۋېلىپ دەم سىنىپقا ، دەم ياتاققا كىرىپ باش كۆتۈرمەي دەرس تەكرارلاۋاتقان ساۋاقداشلىرىنى زاڭلىق قىلىپ تېرىكتۈرەتتى ، نۇرۇمنىڭ قولىدىن دەپتىرىنى تارتىۋېلىپ ئاچچىقىنى كەلتۈرەتتى . بىر كۈنى نۇرۇم ئوغۇلجانغا دەرسنى بىللە تەكرارلاش تەكلىپىنى بەردى .

— ۋاي خۇدايىمەي ، يەنە شۇ تەكرار ، — دېدى ئوغۇلجان خوشياقماي ، لېكىن نۇرۇمنىڭ زورلىشى بىلەن ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدى . ئۇلار مەكتەپنىڭ ئۇدۇلىدىكى باغچىغا كىرىشتى . ئەپلىك ئورۇن ئىزدىشىپ باغچىنى بىر ئايلىنىپ چىققان بولسىمۇ ، لېكىن گۈللۈك ، ئاكاتسىيىلىكلەردىكى ئورۇندۇقلار تۇرماق ، قىرلاردىمۇ بىكار جاي قالمىغان ئىدى . شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى بىر نەچچە ئىنستىتۇتنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى باغنى بىر ئالغان ئىدى . بۇلار باغچىنىڭ شىمالىدىكى مەجنۇنتاللىقتا باردى ، كۈن بارغانسېرى كۆتۈرۈلۈپ تاللارنىڭ ئاستىدىكى سايە

سۇرۇلۇپ نېرىغا كەتكەن ئىدى . بۇ يەردىمۇ ئولتۇرغۇدەك ئەپلىك جاي تاپالماي تۇرغاندا ئوغۇلجان مايمۇندەك يامىشىپلا قويۇق بىر تۇپ مەجنۇنتالنىڭ شېخىغا چىقىۋالدى ، تالنىڭ شاخلىرىنى قايرىپ ئەپچىل جاي ئىزدىدى .

— يېنىپ چۈشكىن ، يىقىلىپ كېتىسەن .

— مېنى يىقىلىپ كېتىسەن دېگۈچە ئۆزۈم دەرەخكە چىقالمايمەن دېسەڭچۇ ، موللام ، — دېدى قىز .

نۇرۇم قىزلاردەك ۋىللىدە قىزاردى ، گەپ قىلالمىدى . دېمىسىمۇ چوڭ شەھەردە ئۆسكەن تېنى ئاجىز بۇ يىگىت دەرەخكە يامىشىش ، سۇ ئۈزۈش ، پۇتبول ، ۋالىبول ئويناشتەك كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ئىشلاردا سەھرالىق بۇ قىزغا يېتەلمەيتتى .

ئوغۇلجان نۇرۇمنى بىردەم مەسخىرە قىلغاندىن كېيىن، بۇك شاخلاردىن سەل پەسكە چۈشۈپ نۇرۇمنىڭ قولىدىن تارتتى ، نۇرۇمنىڭ دەرەخقە چىماق سېلىۋالغان ئايىغى ھەدەپ سىيرىلاتتى . ئۆزى بولسا بىر قولىدا ئوغۇلجاننىڭ قولىغا ، بىر قولىدا پەسرەك بىر شاخقا ئېسىلغىنىچە تۆگىنىڭ بويىنىغا ئېسىلغان كولدۇرمىدەك ئۇياق - بۇياققا پۇلاڭلايتتى .

— ئايىغىڭنى يېشۋەت ، پايپىقىڭنىمۇ سال ، ئاندىن دەرەخنىڭ پۇتاقلىرىغا پۇتلىرىڭنى تىرەپ يۇقىرىغا ياماشقىن . ھە ، شۇنداق ، ئايىغىڭنى ئەكە ، ھە ، ماۋۇ شاخنى چىڭ تۇت .

نۇرۇم بىر ئاماللاپ شاخقا چىقىۋالدى ، كۆچەنگىنىدىن تەرلەپ كۆكلەكلىرى بەدىنىگە چاپلىشىپ كەتتى . ئوغۇلجان شاخلارنى قايرىپ يۇرۇپ ، بىر جۇپ ئاچىماق شاخنى تاپتى ، ئىككىسى پەستىكى شاخقا پۇتلىرىنى تىرەپ ، دەرەخنىڭ غولىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇشتى - دە ، كونسپىكلىرىنى ئاچتى . نۇرۇم سوئاللار بويىچە دەرسلەرنى بىر باشتىن ئۈنلۈك سۆزلەشكە باشلىدى .

ئۇ بىر چاغدا دەپتەردىن كۆزىنى ئۈزۈپ يېنىدا ئولتۇرغان قىزغا قىيا باقتى . قىز كۆزلىرىنى يوغان ئاچقىنىچە ئۇدۇلدىكى شاخقا تىكىلىپ

ئولتۇراتتى. نۇرۇممۇ ئۇ قارىغان شاخقا تىكىلدى. ئۇ يەردە بىر جۈپ قۇشقاچ تۇمشۇقلىرىنى ئۆتۈشتۈرۈپ سۆيۈشۈۋاتاتتى. ئۇلار خۇددى ئالدىن كېلىشىۋالغاندەك تەڭلا قاراشتى. ئوغۇلجان كۈلۈۋەتتى، نۇرۇم قىزنى يىقىلىپ كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەپ ئۇنىڭ بېلىدىن قۇچاقلىۋالدى. قىز خۇددى توك سوقۇۋەتكەندەك تىترەپ، كۈلكىدىن توختىدى. ئۇنىڭ كۆپكۆك كۆزلىرىدە دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرى جىلۋىلىنەتتى. كۆز قارىچۇقىدا نۇرۇم ئۆزىنى كۆردى. «ئۇنىڭ كۆزلىرى بوستانلىق بولاقتا، مەجنۇنتال سايە تاشلىغان تىنىق كۆل سۈيىگە نەقەدەر ئوخشايدۇ — ھە! ...» يىگىت ئۇھ تارتتى. ئېگىشىپ تىزىدىكى دەپتەرگە بېشىنى قويدى، جىملىق ھۆكۈم سۈردى. بۇ جىملىقنى تالزاردىكى قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىر — ۋىچىرلىرى، سالقىن شامالدا شىلدىرلىغان مەجنۇنتاللارنىڭ يوپۇرماق ساداسىمۇ بۇزالمىدى.

بۈگۈن نۇرۇمغا نېمە بولغىنىنى ئوغۇلجان چۈشەنمىگەندەك، ئوغۇلجاننىڭ نېمىشقا شۈكلەپ قالغىنىمۇ نۇرۇمغا سىر ئىدى. بۇ قىزنىڭ نۇرۇمنىڭ دۈمبىسىگە مۇشتلاشقىلا يارالغاندەك كىچىك قوللىرى نېمىشقىدۇر نۇرۇمنى ھەر كۈنكىدەك يەلكىسىدىن تۇتۇپ سىلكىمىدى ياكى مۇشتلىمىدى. «نېمىنى خىيال قىلىۋاتىسەن موللام، خىيال قىلغۇزمايمەن» دەپ، پېشانىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان چاچلىرىنى تۇتۇپ تارتمىدى، كۆك كۆزلىرى نۇرۇمغا خۇدۇكسىرىگەندەك قىيا باقتى. كىرپىكلىرى تۆۋەن چۈشۈپ قارىچۇقلىرىنى يوشۇراتتى. دەرس تەييارلىقى شۇ يەردىلا قالدى. ئوغۇلجان دەرەخنىڭ شېخىدىن سىيرىلىپ چۈشتى، كۆڭلىكىنى شاخ ئىلىۋېلىپ بېشىغا كىيىلىپ قېلىپ ئاپئاق ئىچ كۆڭلىكى ۋە كېلىشكەن پاقالچاقلىرى يوتىسىغىچە ئېچىلىپ قالدى. ئۇ شاخ ئىلىۋالغان كۆڭلىكىنى تارتىۋېلىپ پۇتلىرىنى ياپماقچى بولدى. خۇددى ئەتەي سۆكۈپ قويغاندەك كۆڭلىكىدىن يان چاك چىقىپ قالدى. ئۇ تېگى قىزىل، ئاق گۈللۈك كۆڭلىكىنى لەپىلدەتكىنىچە باغدىن چىقىپ كەتتى. نۇرۇم دەرەخنىڭ شېخىدىن چۈشمىدى، كىتابنى تۇتقىنىچە ئولتۇرۇپ

قالدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى يامغۇر يۇغان دېرىزە ئەينىكىدەك غۇۋالىشىپ ، ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەي قالغىنىچە كېتىۋاتقان قىزدىن ئۈزۈلمەيتتى . ئىككى تامچە يېشى كۆزىدىن ئېقىپ چۈشتى . ئۇ قويۇق شاخلارنىڭ ئارىسىدا بولغاچقا ھېچكىمدىن ئۇيالمىدى .

نادان باللار بىلمەيدۇ ،
ھەممىدىن كۆيۈك يامان .

نۇرۇم نەدىندۇر ئاڭلىغان بۇ خەلق ناخشىسىنىڭ كۆڭلىگە كىرىۋېلىپ چىقمايۋاتقىنىنى بايقىدى . ئوغۇلجاننىڭ بايا ناھايىتى يېقىن كۆرۈنگەن قارامتۇل كۆك كۆزلىرى ئېسىگە كەلدى . يۈرىكىنىڭ بىر يېرى كۆيگەندەك بولدى . بۇ كۆك كۆزلەردىن گاھىدا ئادەمنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرغۇدەك ئۇچقۇن چاقنايتتى . ئۇنداق چاغلاردا يىگىتنىڭ تىنچ كۆڭلى ئەندىشە ، زوق ئارىلاش بىر ھېسسىياتتا داۋالغۇيتتى .

× × ×

يازلىق تەتىل يېتىپ كەلدى ، ئىيۇل قۇياشى ئۇرۇمچى شەھىرىنى چۈش بولمايلا قىزىتىشقا باشلايتتى . ھاۋادىن ئېرىگەن قارىمايىنىڭ پۇرىقى كېلەتتى . يۇمشاپ كەتكەن كوچىلاردا كېتىۋاتقانلارنىڭ ئېنىق ئىزى قالاتتى . نۇرغۇن باللار تەتىلگە كەتتى . مەكتەپتە قالغانلارنى فاكۇلتېتلار بويىچە نەنسەنگە ئىككى ھەپتىلىك دەم ئېلىشقا ئەچىقماقچى ئىدى ، ئوقۇغۇچىلار تىزىملىتىشقا باشلىدى ، نۇرۇم ئوغۇلجاننىڭ قېشىغا كەلدى .

— ئوغۇل ، سەن قانداق قىلىسەن ؟

— مەن چىقمايمەن ، — دېدى ئوغۇلجان توپلىيىنىڭ پاشنىسى بىلەن يەرنى ئېزىپ تۇرۇپ ، — قېلىپ مەكتەپ قۇرۇلۇشىدا ئىشلەيمەن .

— مۇشۇ ئىسسىقتا ؟

— ھە ئىسسىقتا ، قانداق ؟

ئوغۇلجان كۆك كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئۇنىڭغا تىكىلدى :

— بىز دېگەن سەھرا بالىلىرى ، ئىسسىقتا چوڭ بولغانمىز ، بۇنچە-لىك ئىسسىق دېگەن نېمىتى !

نۇرۇم نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇنى گېپىدىن ياندۇرالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى ۋە ئۇنىڭ سەل جاھىلراق ، دېگىنىنى قىلىدىغان مىجەزىگە كۆ-نۈپمۇ قالغان ئىدى .

— ھە ، ئۆزۈڭچۇ ؟

— مەن قانداق قىلايكىنتاڭ . ئانام ، دادىلارغۇ چىقىپ دەم ئېلىپ كىرمىسەڭ بولمايدۇ ، چارچاپ كەتتىڭ ، دەپ تۇرۇۋېلىۋاتىدۇ .

— ھە ، چىقىۋەرگىن ، مەنمۇ سەندەك ھېچ نەرسىدىن غەمسىز بولسام نەنسەنگە چىقىپ ئويناپ كىرەتتىم ، سۇغا چۆمۈلەتتىم ، — ئۇ نۇرۇمنىڭ مۆكۈلانغاندەك كۆرۈنگەن كۆزلىرىگە قاراپ قويۇپ گېپىنى تۇ-زىدى ، — چىققۇم يوق .

— چىقساڭچۇ ئوغۇل ، بىللە ئويناپ كىرەتتۇق .

— تەتىل دېگەن ئۇزاق تېخى . ئويناپمۇ زېرىكەرمىز ، مېنىڭ مۇھىم ئىشلىرىم بار ، چىقالمايمەن ، سەن بېرىپ تىزىملىتىۋەرگىن .

نۇرۇم تىزىملىتىشقا كەتتى . ئوغۇلجان ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ ئۇھ تارتتى .

ئوغۇلجاننىڭ ئۆز پىلانلىرى بار ئىدى . ئۇ چەملىرى تېشىلىپ كالتە چەم سىلىنغان ، پاشنىسى ئېزىلىپ كەتكەن توپلىيىغا قارىدى . ئۇچىسىدىكى تېگى سىېرىق ، دۆگىلەك قارا گۈللۈك كۆكلىكى ئۆزىگە ياراشقىنى بىلەن قىسقا كېلىپ قالغان ئىدى . ئۇنىڭ نەنسەنگە چىققۇسىمۇ ، يۇرتقا بېرىپ ئانىسىنى كۆرۈپ كەلگۈسىمۇ كېلەتتى . بىراق پۇلنىڭ ئىشى ... ئۇنىڭ ئانىسىغا « پۇل ئەۋەتمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمە ، كېلەر يىلى ئوقۇش پۈتكەندە بىراقلا قايتىمەن » دەپ خەت يېزىۋەتكىنىگە بىر ھەپتە بولغان ئىدى . ئۇ بۇ يىل يازلىق تەتىلدە بىر ئاي مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئاز - تولا پۇلغا ئىشلەپ ئىككى - ئۈچ قۇر ئىچ كىيىم ۋە بىرەر قۇر تاش كىيىم قىلىۋالماقچى . ئادەتتىنغۇ مەكتەپنىڭ

ئىسپورت كىيىملىرى بىلەنلا يۈرىدۇ. بىراق چوڭ بولۇپ قالغان قىز شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى سىرتقا چىققاندىمۇ يەنە ئالىبالداق مايكا ـ شىملارنى، تەنھەرىكەتچىلەر ئايىغىنى كىيىپ چىقىشقا بولمايدۇ ـ دە!

× × ×

كەچلىك مۇزاكىرە ۋاقتى، ئوغۇلجان دەپتەرلەرنى زېرىككەندەك ۋاراقلايتتى، باش كۆتۈرمەي دەرس يادلاۋاتقان ساۋاقداشلىرىغا ئېچىنغاندەك قاراپ قوياتتى. نۇرۇم ئۇنىڭغا قىيا باقتى، ئۇنىڭ هال رەڭ كالپۇكلىرى مەھكەم يۇمۇلغان، قويۇق قايرىلما كىرپىكلىرى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ كىتابقا تىكىلگەن ئىدى. يىگىتنىڭ يۈرىكى يەنە كۆيگەندەك بولدى، ئاستا ئۇھ تارتتى. هەي، كۆڭۈلدىكى سۆيگەن ئادىمى يېنىدا ئولتۇرىدۇ، ئۇنىڭ كۆڭلەكلىرى ئۇنىڭ تىزىغا يېپىلىدۇ، ئۇنىڭ كىيىلىشكەن، چىرايلىق، جىم تۇرمايدىغان ئاياغلىرى بەزىدە دىققەتسىزلىكتىنمۇ ئۇنىڭ پۇتلىرىنى بېسىۋېلىپ، ئۇنى ساراسىمىگە سالىدۇ، قەلبىگە خۇشاللىق بەخش ئېتىدۇ، ھەتتا ئۇ بىر ـ ئىككى سائەت بىر يەرگە يوقاپ كەتسە جىمى ئالەم ئۇنىڭغا سۆرۈنلىشىپ كەتكەندەك، پۈتۈن دەرسلەرنىڭ مەززىسى قالمىغاندەك بىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ يوتىلىرى بىر ـ بىرىگە تېگىشىپ شۇنچە يېقىن ئولتۇرىدۇ، لېكىن يىگىت ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ كۆزلىرىگە قاراشقا پېتىنالمايدۇ. نېمىشقىدۇر ئوغۇلجاننىڭمۇ بۇرۇنقىدەك ئوغۇل باللىقى قالمىدى، ئۇنىڭ قوللىرى ئەمدى ئۇنى بۇرۇنقىدەك مۇشتلىمايدۇ، چىمدىمايدۇ. كۆپكۆك چىمەندەك كۆزلىرىمۇ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىمايدۇ. بۇ ئىشلار يىگىتكە غەيرىي تۇيۇلاتتى. ئېچىنى تىت ـ تىت قىلاتتى. ئۇنى يۈز تاياق ئۇرغاندىنمۇ بەك ئازابلايتتى. ئۇنىڭ بىر يېرىم سائەتلىك مۇزاكىرىنى تۈگىتەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى، ئاستا ئارقىغا قارىدى. بەزىلەر ئۇخلاۋاتاتتى، بەزىلەر ئۆز ئىشى بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇ كىچىككىنە باغاقچىنى ئوغۇلجاننىڭ ئوقۇۋاتقان كىتابىنىڭ ئېچىگە قىستۇرۇپ قويدى. ئۆزى غىپلا قىلىپ كارىدورغا چىقىپ ساقلاپ

تۇردى ، ئوغۇلجانمۇ كىتابىنى پارتىغا سېلىپ كارىدورغا چىقتى ، سوئاللىق نەزىرىنى نۇرۇمغا قاراتتى . نۇرۇم ئۇنى پەسكە چۈشۈشكە ئىشارە قىلىپ پەلەمپەيگە ماڭدى . ئۇلار سىرتقا چىققاندا ھېلىلا ياغقان يامغۇر توختاپ نەم ھاۋا ئۇلارنى قوينىغا ئالدى .

— ئايلىنىپ كېلەيلىمۇ ، — دېدى يىگىت .

قىز بېشىنى لىڭشىتتى . ئىككىسى مېڭىپ كەتتى ، يولنىڭ چېتىدىكى دەرەخزارلىقنىڭ ئاستىدا توختاشتى ، بۇرۇنقى چاغلار بولغان بولسا ئوغۇلجان ئاللىقاچان دەرەخنى ئىرغىتىپ ياپراقلاردا توختاپ قالغان سۇلارنى نۇرۇمنىڭ ئۈستىگە ياغدۇرغان بولاتتى . بۈگۈن نېمىشقىدۇر ئانىسىدىن تاياق يەپ شۈكلەپ قالغان بالىدەك جىم ئىدى . نۇرۇم بۇ جىملىقنى قانداق بۇزۇشنى بىلەلمەي قالدى .

— ئوقۇشلار پۈتەي دەپ قالدى ئوغۇل .

— شۇنداق ، پۈتەي دەپ قالدى .

— نەگە باراي دەۋاتىسەن ؟

— ئۆزۈڭچۇ ؟

— سەن نەگە دېسەڭ مەن شۇ يەرگە .

— راستمۇ ؟

— راست بولمايچۇ .

ئوغۇلجان بېشىنى كۆتۈردى . ئۇنىڭ كېچىدە قاپقارا بولۇپ كۆرۈنگەن كۆزلىرى يىگىتكە تىكىلدى ، يىگىتنىڭ پۈتۈن تېنى جۇغۇلدىدى ، يىگىتلىكنىڭ ئىشقى - زوقى قوزغالدى ، تارتىنىشنىمۇ ئۇنۇتۇدى ، ئۇ يېنىدىلا تۇرغان ، ئۆزىگە ئىشەنچلىك قارىغان كۆزلەرگە ئىنتىلدى . قوللىرى قىزنىڭ بەللىرىگە چىرماشتى ، بېشىنى ئېگىپ ئۆزىنىڭ ئىسسىق لەۋلىرىنى قىزنىڭ ياقۇتتەك قىزىل ، تىترەپ تۇرغان لەۋلىرىگە ياقتى ...

يولدىن چىرىغىنى ياندۇرۇپ گۈرۈلدەپ ئۆتكەن يۈك ماشىنىسى بۇ ئىككىسىنى ئايرىۋەتتى . يىگىت باغرىدا خۇددى كەپتەردەك تىپىرلاپ تۇر-

غان قىزنى ئامالسىز قويۇۋەتتى. قىز ئەندىككىنىچە دەرەخزارلىق بىلەن قېچىپ كەتتى. يىگىت ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ، قىزلار ياتىقىنىڭ دېرىزىسى يېنىدىلا ئاران يېتىشەلدى.

× × ×

شەنبە كۈنى قىزلار ياتىقى خۇددى تىياتىرخانىلاردىكى سەھنىنىڭ كەينىدەك مالىماتاڭ بولۇپ كېتىدۇ. ياتاقتىكى داس - چېلەك، چايدان دېگەنلەر قولدىن قولغا ئۆتۈپ، بىر - بىرىدىن ئالدىراپ تۇرغان قىزلار-نىڭ خىزمىتىگە يېتىشمەي قالىدۇ. بىرسى بېشىنى يۇيۇۋاتقان، بىرسى چېچىنى ئۆرۈۋاتقان، بىرسى ياتاقتىكى بارى - يوقى بىر تام ئەينەككە قاراپ قېشىغا قاشلىق ئەتسە، بىرسى خۇددى ئۆزىنىڭ كۆزىچىلىك كېلىدىغان كىچىك ئەينىكىگە قاراپ لامپۇچكىنىڭ ئاستىغا كېلىپ كۆزىگە سۈرمە تارتىۋاتقان.

ئادەتتە بۇنداق ئالدىراشچىلىقلارغا قاراپ ئوغۇلجاننىڭ كۈلكىسى قىستايتتى. ئۇ كارىۋىتىدا يېتىۋېلىپ كىتاب كۆرەتتى ياكى قىزلارنى تې-رىكتۈرۈپ «ئېغىز گارمۇشكا» چالاتتى. بىراق بۈگۈن ئۇ مۇنچىدىن چىققاندىن كېيىن قىزغۇچ چاچلىرىنى كۆكۈل قويۇپ تارىدى، پاخپىيىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئازراق چاچ مېيى سۈرتتى. شالاڭراق قاشلىرىنى چىمداپ قويدى، ئۇنىڭ بۇ قىلىقى قىزلارنىڭ دىققىتىنى دەررۇلا تارتتى. ئوغۇلجان بولسا ئەينەككە يېنىش - يېنىشلاپ قاراپ نېمىدىندۇر كۆڭلى تۇيغاندەك سەپكۈن چۈشكەن قاڭشىرىنى سىيلايتتى. بىرسى ئۇنىڭ ئال-دىغا ئۇپا قۇتىسىنى سۈرۈپ قويدى، ئوغۇلجان دەررۇ كەينىگە قارىدى. قىزلارنىڭ مەشغۇلىيەتىنى توختىتىپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئىزا تارتىپ قالدى بولغاي، يۈزىنى تۇتقىنىچە كارىۋىتىغا ئۆزىنى تاشلىدى، قىزلار چىرقىرىشىپ كۈلۈشتى.

— ھە، نېمە كۈلۈسىلەر، قىزىمىز چوڭ بولۇپ قاپتۇ.

— قىزىمىزغا خىيال كىرگەن ئوخشىمامدۇ؟

— ھېلىمۇ كىرمىدى، چوپچوڭلا قىز، خۇددى كەپسىز ئوغۇل بالىدەك قىلىقلارنى قىلىپ يۈرگىنى يۈرگەن.

— خىيالىغا كىم كىرگەندۇ؟

— تايىنلىق نۇرۇم كىرگەندۇ.

ھەممىسى پاراقلاپ كۈلۈشتى. ئوغۇلجاننىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلدى. ئاخشامقى كۆرۈنۈش ئېسىگە كەلدى، تۈنۈگۈن نۇرۇمنىڭ قولى تەگكەن بىلەكلىرى كۆيۈشكەندەك، ئۇنىڭ لېۋى چالا - پۇلا تەگكەن كالپۇكلىرىدىن ئوت چىققاندەك بولدى. خۇددى باشقىلار بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ قالغاندەك ئىزا تارتقىنىدىن بېشىنى كۆتۈرەلمىدى.

ياسىنىپ - تارىنىشىپ چىرايلىق بولۇپ كەتكەن قىزلار ئارقا - ئارقىدىن ياتاقتىن چىقىشتى. بەزىلىرى مەكتەپتىكى تانسىغا، بەزىلىرى يېگىتلىرى بىلەن كىنوغا مېڭىشتى. قىزلارنىڭ زورلىغىنىغا قارىماي ئوغۇلجان ياتاقتا قالدى. ئۇ نۇرۇمنى كۈتمەكتە ئىدى.

ئىشىك چېكىلدى. قىز يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئۇ بۈگۈن نېمىدىندۇر ھاياجانلانغان ئىدى. قوللىرىنى بىر تۇرۇپ تىزىغا، بىر تۇرۇپ كارىۋاتنىڭ يۆلەنچۈكىگە قوياتتى. كۆزلىرىنى قىزدىن ئۈزمەيتتى. قىز ئۇنىڭ تىكىلىپ قاراشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچاتتى. چاي دەملەيمەن دەپ ئىستاكاننى ئۆرۈپ قوياتتى، ھېلى چايدانىنىڭ ئاغزىنى چۈشۈرۈۋېتەتتى.

نۇرۇم ئوغۇل بالىدەك بۇ قىزدىكى ئۆزگىرىشلەرنى سەزدى.

— نەگە بارىمىز ئوغۇل؟

— ئىختىيارىڭ

— كىنوغا بارايلى بولمىسا.

ئىككىسى كىنوخانىغا كىرگەندە كىنو ئالللىقاچان باشلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار تەمتىرەپ يۈرۈشۈپ ئورۇنلىرىنى ئاران تېپىشتى. بىر ھەجۋى فىلىم قويۇلۇۋاتاتتى. لېكىن، قىز ھەرقانچە قىلىپمۇ كىنونىڭ مەنىسىگە يېتەلمىدى. ئۇ ئوڭايسىزلىناتتى، تىترەيتتى، ساۋاقداشلىرىنىڭ،

ئۇستازلىرىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. كىنو ئاياغلاشقاندا ئىككىسى ئارقا يول بىلەن قايتىشتى. بۇرۇنقىدەك قىزىق - قىزىق پاراڭلارنى قىلىشمىدى. كۈلكە - چۇقانمۇ بولمىدى. نۇرۇمنىڭ قىزنىڭ بوينىنى ئۇشتۇمتۇت ئارقىسىغا ئېگىپ لەۋلىرىگە لېۋىنى قاتتىق بېسىپ سۆيۈشى ئۇنى چۆچۈتىۋەتتى. ئۇنىڭ كالپۇكلىرىدىن ئوت چاقنىغاندەك بولدى. ئۇ ئەمدى قاچالمىدى، ھالسىزلانغاندەك يىگىتكە يۆلىنىپ قالدى. ئاپئاق بېلىكىنىڭ يىگىتنىڭ بوينىغا قاچانلاردا ئۆتۈشۈپ قالغىنىنى ئۇقمايلا قالدى.

× × ×

نۇرۇم قىزغا يالۋۇراتتى، يىلىناتتى، لېكىن ئۇ يىلىنىشلار قىزنىڭ يىغا - زارىنى كۈچەيتىۋەتتى. ئۇلار ئىشنىڭ بۇنداق بولۇشىنى ئويلىيالمىغان ئىدى. ئۇلار ئۆزىگە كەلگەندە ئورنىغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغان بۇ ۋەقەدىن قورقۇپ كېتىشتى...

ئاخشام ئوقۇش پۈتتۈرۈش زىياپىتىدە كەيپىيات يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ ئولتۇرۇش قىزىپ كەتتى. ئوغۇللار مەكتەپتىن ھەر بىر زىياپەت ئۈستىلىگە تارتىلغان بىر بوتۇلكا ھاراققا قانائەت قىلىشمىدى، سىرتتىن ئوغرىلىقچە ھاراق ئەكىرىپ ئىچىشتى، ئويناشتى، كۈلۈشتى، رومكا سوقۇشتۇرۇپ، ھەتتا ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۆڭۈل ئىزھار قىلىشتى، ئايرىلىش ئۈچۈن ئىچىشتى، ئىچىپ ئايرىلىشماقچى بولۇشتى.

نۇرۇم بىلەن ئوغۇلجان تانسىدىن كېيىن نۇرۇمنىڭ ياتىقىغا بېرىشتى، بۇنى ياتاق دېگەندىن كۆرە قازناق دېگەن تۈزۈك ئىدى. بۇ ئوقۇش بىناسىنىڭ پەلەمپىيىنىڭ ئاستىدىكى بىر بۇلۇڭ بولۇپ، بۇنى نۇرۇم تاشلاندۇق تاختايلار بىلەن توسۇپ ئىشىك بېكىتىپ ياتاق قىلىۋالغان، كىنو چولپانلىرىنىڭ سۈرەتلىرى بىلەن تولدۇرۇپ زىننەتلىۋالغان ئىدى. ئۇ ئوپچە ياتاقتىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭ، قالايمىقانچىلىقتىن قېچىپ مۇشۇ يەردە دەرس تەكرارلايتتى، ياتاتتى.

بۇلۇڭدا تۇرغان تارغىنا كارىۋاتتىكى ئورۇن ـ تۆشەكلەر پۇر-
لەشكەن، ئۇلار ياتاققا قاچان كىرىشكىنىنى ئەسلەشكە تىرىشاتتى. كېيىن
نۇرۇم بىر بوتۇلكا هاراقنى چىقىرىپ ئۆزىگە ۋە قىزغا قۇيدى.
— ئوقۇش پۈتتۈرگىنىڭگە مۇبارەك بولسۇن، كۆك كۆزلۈك ئومى-
قىم.
— هە، سىڭىلىمۇ.
ئۇلار سوقۇشتۇرۇپ كۆتۈرۈۋېتىشتى. نۇرۇم ئادەتتە هاراق
ئىچمەيتتى.
— تۇنجى ۋە ئاخىرقى قېتىم بولسۇن، — دېدى ئوغۇلجان.
شۇنداق قىلىپ بىردەم تارتىشىپ تۇرۇپ نۇرۇمنىڭ زورى بىلەن
بىرىنچى ۋە ئىككىنچى رومكىنى كۆتۈردى. كېيىنكىلىرىنى بولسا ئانچە
زورلاتمايلا كۆتۈرۈۋەتتى. ئاخىر ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قاچانلاردا مەست بو-
لۇپ، كىيىمىنى قانداق يېشىپ، قانداق يېتىپ قالغىنىنى بىلمەيلا
قېلىشتى.
پەلەمپەي ئاستىدىكى بۇ ياتاقنىڭ ئىشىكى هەم يېپىلغىنىچە تۇ-
رۇپتۇ. هېلىمۇ بىرى كىرىپ قالماپتۇ. قىز ئىشىكتىن قانداق چىقىپ،
ياتاققا قانداق كېتىشىنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ قاپاقلىرى قىزىرىپ ئىششىپ
كەتكەن، رەڭگى سارغايغان ئىدى. نۇرۇممۇ خىجىللىقتىن بېشىنى
كۆتۈرەلمەيتتى.

× × ×

نۇرۇم مانا شۇ كۆك كۆزلەرگە ئەسىربولۇپ، قانچە ـ قانچە كې-
چىلەرنى ئۇنىڭ خىيالى بىلەن ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى. هەتتا ئوغۇل بالا
تۇرۇپ قانچىلىك ياشلار تۆككىنىنى بىر ئۆزى بىلىدۇ. هېلىقى ئوقۇش
پۈتتۈرۈش زىياپىتى بېرىلگەن كېچىدىن كېيىن، هېلىقى ئەتىگەندىن
كېيىن يىگىت قىزنى قايتا ئۇچرىتىشقا مۇيەسسەر بولالمىدى. نېمشقىدۇر
قىز ئۇنى كۆرسىلا ئەزرائىلدىن قورققان ئۆلۈكتەك تاتىرىپ، ئۆزىنى

دالدىغا ئالىدىغان بولۇۋالدى . بولغۇلۇق بولغاندىن كېيىن ئۇنچىۋالا قى-
لىشنىڭ نېمە ھاجىتى ؟ ! ھازىر ئوقۇش پۈتتى . ئەمدى خىزمەتكە چىقىپلا
تېزراق توينى قىلىۋەتسە بولمىدىمۇ .

بىر كۈنى يىگىت ئۇنى قىزلار ياتاقخانىسىنىڭ ئالدىدا توختىتىپ
بىر چەتكە ئەچىقتى - دە ، بۇ ئارزۇسىنى دۇدۇقلاپ تۇرۇپ ئېيتتى .
ئۈمىد بىلەن تولغان ، سۆيگۈ - مۇھەببەت ئوقچۇپ تۇرغان كۆزلىرىنى
قىزغا تىكىپ ئۇنىڭدىن جاۋاب كۈتتى ، بىراق قىز ئۇنىڭ سۆزلىرىنى
ئاڭلىمىدىمۇ ياكى ئاڭلىسىمۇ چۈشەنمىدىمۇ ئەيتاۋۇر جاۋابسىز قالدۇرۇپ ،
يىگىتنىڭ قوللىرىدىن قولىنى تارتىۋېلىپ قېچىپ كەتتى .

تەقسىمات قىزنى شەپقەتسىزلىك بىلەن يىراق چەت شەھەرگە
ئېلىپ كەتتى ، يىگىت مۇشۇ شەھەردە قالدى . قىزدىن بىرەر پارچە خەت
ياكى خەۋەر كەلمەسلىكى يىگىتنى ھەيران قىلاتتى . شۇ مەزگىلدە يىگىت
ئېچكىرىگە ئالتە ئايلىق كۇرسقا كەتتى . ئۇ سىڭلىسىغا دوستلىرىدىن خەت
كەلسە ئۆزىگە ئەۋەتىپ بېرىشنى تاپىلاپ قويدى . نېمىشقىدۇر كۇرس
پۈتكۈچە قىزدىن بىر پارچىمۇ خەت ياكى خەۋەر كەلمىدى ( سىڭلىسىنىڭ
ئوغۇلجاندىن كەلگەن خەتلەرنى ئانىسى بىلەن بىرلىكتە ئوقۇپ ئۇدۇللۇق
كۆيدۈرۈۋەتكىنىنى ئۇ نەدىن بىلسۇن ) . شۇنچىلىك ياخشى كۆرگەن ئا-
دىمىنىڭ بۇ قىلىقلىرى يىگىتكە ھار كەلدى . ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەيتتى .
ئوغۇلجانىنىڭ قەيەردە ، قايسى مەكتەپتە خىزمەت قىلىۋاتقىنىمۇ ئۇنىڭغا
قاراڭغۇ ئىدى . ئۇ ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالدى . دوست ،
ساۋاقداشلىرىنىمۇ ئىزدىگۈسى كەلمىدى . ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ قالسىلا
ئۇلارنىڭ « ئوغۇلجاندىن خەت بارمۇ » دېگەن سوراقلىرىغا جاۋاب بېرىشكە
توغرا كېلەتتى . ئۇ خەقلەردىن قېچىشقا باشلىدى . ھەتتا مەكتىپىدىن
سەككىز - ئون بېكەتچە كېلىدىغان جايدىكى ئۆيىگىمۇ ھەپتىدە بىر قې-
تىممۇ قايتقۇسى كەلمەيتتى . ئانىسى ۋە ئاچا - سىڭىللىرىنىڭ ئىلمان
چىرايلىرى ، سوئال - سوراقلىرىدىن قاچقۇسى كېلىپلا تۇراتتى . سىڭ-
لىسى ئىنچىكە قاشلىرىنى تەئەددى بىلەن ئوق يىلاندەك قىمىرلىتىپ :

— ھېلىقى سەھرايى كەبىردىن خەۋەر يوقمۇ، ھە ئاكا؟ — دەيتتى مەسخىرىلىك كۈلۈپ. ئانىسى توغرىدىن توغرا:
— دىۋانە پۇرايدىغان سەھرايى قىيامەتتىن خەت كېلەتتىمۇ، خەت سېلىشقا پۇل كېتىدۇ – دە! — دەپ ئۇنىڭ ئېچىشقان يەرلىرىگە تۇز سېپەتتى. بۇلار ئۇنىڭغا نېمىشقا شۇنچە ئۆچلۈك قىلىدىغاندۇ؟

بارغانسېرى يىگىتنىڭ ئۆزىمۇ ئۇنى خىيال قىلسا بېشى ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى. ياش يىگىتنىڭ كۆڭلى ھەقىقەتەن بەكمۇ ئازار يېگەن ئىدى.

ئۇ خىزمەت بىناسىنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدە بىر ياتاقتا يالغۇز يېتىپ قوپاتتى. ئوقۇتقۇچىلار ئىشتىن چۈشۈپ كەتسە بىنا جىمجىتلىققا چۆ-كەتتى، پۈتۈن بىنادا يىگىت كۆزەتچىدەك يالغۇز قالاتتى. بەزىدە قېرى كۆزەتچى بۇ بىنانى كۆزەت قىلىپ يۈرۈپ ياتاقتا يالغۇز يېتىۋاتقان بۇ ياۋاش يىگىتكە ھەمراھ بولاتتى. بىر كۈنى ئۇ يانچۇقىدىن بىر بوتۇلكا ھاراق ۋە تۇزغا چىلانغان تەرخەمەكنى چىقىرىپ ئۈستەل ئۈستىگە قوي-دى، چايدانىنىڭ قاپقىقىغا ھاراقتىن ئازراق قۇيۇپ بوتۇلكىغا تەگكۈزۈپ قويۇپ، گۈپپىدە ئىچىۋەتتى. كېيىن يەنە ئازراق قۇيۇپ ئۇرۇمغا تەڭلىدى:
— ئىبلىسنىڭ ئۇكام، قولۇمنى قايتۇرماڭ، دەردمەنلەرنىڭ دورىسى بۇ، دەردمەنلەرنىڭ. قارىسام سىزمۇ مەندەك دەردمەنگە ئوخشايسىز. شەنبە، يەكشەنبىدىمۇ ياتاق بېقىپ ئولتۇرىسىز، مەنمۇ ئوتتۇز يىللىق دەردمەن. بىنانى يالغۇز باقىمەن. سۇ ئايىتىدە گۇمران بولغان ئۆيلۈم، خوتۇن-باللىرىمنىڭ يۈرەك يارىسىنى مانا مۇشۇ دورا بىلەن يۇيىمەن.

يىگىت بۇ ئادەمنىڭ سولغۇن چىرايىنىڭ بايىقى «دورا» نى يۇتقاندىن كېيىن سەل رەڭگە كىرگەنلىكىنى، كۆزلىرىنىڭ پارقىراپ جۇشقۇنلاشقىنىنى، ياتاقنىڭ تىمغا ئىسسىقلىق دۇتارنى ئېلىپ دەقيانۇسنىڭ ۋاقتىدا قالغان قانداقتۇر كونا پەدىلەرگە چېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ھەيران بولاتتى. ئادەتتە ئۇ ھەرقانچە زورلىسىمۇ ھاراقنى ئاغزىغا ئالمايتتى. لېكىن ھازىر ھاراقنى قولىغا ئېلىپ قانداق كۆتۈرۈۋەتكىنىنى تۇيماي

قالدى. بۇگۈن ئوقۇش پۈتتۈرۈش زىياپىتى بېرىلگىنىگە ھەم ھېلىقى كې-چىگىمۇ دەل بىر يىل بولغان قۇتلۇق كۈن ئىدى.

— ئاھ! ۋاپاسىز! — دەۋەتكىنىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى نۇرۇم.

— توغرا ئېيتىسەن ئۇكا، ۋاپاسىز دۇنيانىڭ يىغلاپ - قاقشىغۇچىلىكى يوق ئىكەن، تەقدىرنى ئۆزگەرتەلمەيدىكەنسەن. لېكىن ھەسرەت چېكىشنىڭمۇ چېكى بار ئىكەن، ئاشۇرۇۋەتسەڭ بولمايدىكەن. مەن بەك پۇشايمان قىلىمەن، ئۆز ۋاقتىدا بېشىمنى ئوڭشۇۋالغان بولسام قېرىغاندا مۇشۇنداق كۈنگە قالمايتتىم. سەنمۇ ئۆتكەنگە ھەسرەت چېكىۋەرمەي، تۇرمۇشۇڭنى ئوڭشاشنىڭ غېمىنى قىل، بولمىسا مەندەك ...

بوۋاينىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ، كۆزلىرى يۇمۇلدى. ئۇ ئورۇن-دۇقتا سىڭايان ئولتۇرغىنىچە خورۇلداپ ئۇيقۇغا كەتتى.

يىگىت شۇنىڭدىن بۇيان «خاسىيەتلىك» بۇ دورىنى ئىپىۋالدى. ئەمما، ئۇزاققا بارمايلا ھاراق كاساپىتىدىن بالاغا قالدى. ئۇ باشقىلارنىڭ تېپىشتۇرۇشى سەۋەبلىك باشقا بىر قىز بىلەن ئارىلىشىپ كۆرۈشكە ماقۇل بولدى. قىز مۇناسىۋەت مەسىلىلىرىگە خېلى ماھىر ئىدى. مۇشۇ مەكتەپتە ئۆيى تۇرۇۋىلۇق شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى بىر كوچىدا ئالتە قەۋەتلىك بىنانىڭ ئالتىنچى قەۋىتىدىكى ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە ئولتۇراتتى. ئۆيدە پات - پات پاتېفون، رادىئولاردىن نەغمە - ناۋالار ياڭراپ، سوقۇشتۇرۇلغان رومكىلارنىڭ جىرىڭلاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ياشلار تاڭ ئاتقۇچە تانسا ئوينىشاتتى.

بىر كۈنى نۇرۇممۇ شۇنداق ئولتۇرۇشلارنىڭ بىرىگە داخىل بول-دى، ئەتىسى چۈشكە يېقىن كۆزلىرىنى ئېچىپ ئۆزىنى بىر قىزنىڭ لۆم - لۆم كارىۋىتىدا قىپيالىڭاچ ھالەتتە كۆرۈپ قورققىنىدىن قۇيقا چاچ-لىرى تىك بولۇپ كەتتى. ئۇ يېنىغا قاراپ تۇتىڭغۇلىنىڭمۇ ئۆزىدىن بەتتەر يالىڭاچلىنىپ دۈمبىسىنى ئۆزىگە قىلىپ ئۇخلاۋاتقىنىنى كۆردى. نۇرۇمغا يەر ئاغدۇرۇلۇپ، ئاسمان دۈم كۆمتۈرۈلۈپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. قاچان، قايسى ۋاقىتتا كىيىمىنى سېلىپ بۇ يەردە يېتىپ قالغاندۇ. ئەمدى

بۇ قىز ئۆيغىنىپ بىر جىدەل باشلىسا قانداق قىلار - ھە ، ئۇنىڭ دادىسىغا قانداق جاۋاب بېرەر . ئاھ ، خۇدا ! ئاۋۋالقى تارتقان دەرد - ئەلەملىرى دەل مۇشۇنداق سەۋەبتىن بولغانتىغۇ . ئەمدى بۇ ئىش ، يىگىت ئاخىرىنى ئويلىيالمىدى ، بېشى ئېغىرلىشىپ قۇلاقلىرى غوڭۇلداپ كەتتى . ئۇ قىزنىڭ ئۆيغىنىشىنى كۈتەتتى ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆيغىنىپ كېتىشىدىن شۇنداق قور-قاتتى .

قىز ئۆيغاندى ، كېرىلدى ، نۇرۇم ئۇنىڭغا قورقۇپ قارىدى . قىز نۇرۇمغا تىكىلىپ قارىغاندا ئۇ قورقۇپ كەتكىنىدىن دۇدۇقلىدى :

— مەن بۇ ئىشنىڭ ... بۇ ئىشنىڭ ... قانداقلارچە بۇنداق بولغى-نىنى ...

— نېمە ، نېمە ! ... — قىز چاچراپ ئورنىدىن قوپۇپ جاۋۇلداپ كەتتى ، — نېمە ، قىلغۇلۇقنى قىلىپ قويۇپ نېمە دۇدۇقلايسىز ... بۇ ئىش-نىڭ قانداق بولغىنى ... — نۇرۇمنى دورىدى قىز ، — سىلەر ئەرلەر بۇنداق ھىيلىگەرلىكنى نەدىن ئۆگەنگەن ؟

— نېمە ... نېمە ... مەن ھىيلىگەرمۇ ؟

— سېپى ئۆزىدىن ھىيلىگەر ، ھېلىقى سەھرالىقنىمۇ ئاشۇنداق قىلغان ئىكەنسىز . بىلمەپتىمەن ، ئۇقماپتىمەنمىش تېخى ، مەن ئۇنداق قى-يامەتتە قالغان سەھرالىق ئەمەس .

نۇرۇم ئۇنىڭ بۇ ئىشلارنى نەدىن ئۇقۇپ قالغىنىغا ھەيران ئىدى . قىزنىڭ قىلىۋاتقان قىلىقلىرى سۈنئىيدەك ، خۇددى ئالدىن ئەتەي شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغاندەكلا ئىدى ، لېكىن نۇرۇم ئۇنىڭ نېمىشقا بۇنداق قىلىدى-غانلىقىنى چۈشەنمەيتتى .

— ئەپۇ قىلىڭ ... مەن سىزنى ...

— قۇتۇلماقچىمۇ ؟ ھەددىڭ ئەمەس ... — قىز ئورنىدىن چاچراپ قوپتى ، — ھە ، تەس كېلىۋاتامدۇ ؟ قۇتۇلىمەن دەپ خام خىيال ئەيلى-مەڭ . مەن دېدىمغۇ ، بۇنىڭ بىلەن سىز ئىككىنچى قېتىم ياش قىزلارنىڭ نومۇسىغا تېگىش جىنايىتى ئۆتكۈزدىڭىز ، ھەر بىرىگە بەش يىلدىن

كەسكەندىمۇ ... — ئۇ خۇددى قاقباش سوتچىدەك تەمكىن سۆزلەيتتى.
نۇرۇمنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى.

— بۇ ئىشنى بىر سىگە دېمىسىڭىز ؟

قىز ھىجايدى :

— لېكىن شەرتىم بار.

— شەرت ... شەرت ... ھەرقانداق شەرت بولسىمۇ ئورۇندايمەن.

— ئەلۋەتتە ئورۇندايسىز. مەن بىلەن توي قىلىسىز.

— توي، نېمىدەۋاتىسىز، مەن سىز بىلەن قانداق توي قىلىمەن ؟

— ئۇنداق بولسا قانۇنىي يول بىلەن سۆزلىشىمىز.

يىگىت مۇكچىيىپ كەتتى. گويا يەلكىسىنى تۇگمەن تېشىدا باستۇرۇپ قويغاندەك بېشى بارغانسېرى يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئەكسىچە قىز روھلۇق ئىدى، كىيىملىرىنى كىيىپ ياساندى، ئالدىرىماي ناشتا قىلدى، ناشتىدا يىگىتنى تەكلىپ قىلىپمۇ قويمىدى، گىرىم قىلىپ بولغاندىن كېيىن پارقىراق سومكىسىنى قولىغا ئالدى - دە، ئىشىكتىن چىقتى، ئىشىكنى تېشىدىن قۇلۇپلاپ قويدى. شۇ چاغدا يىگىت چاچراپ ئورنىدىن تۇردى، قەپەسكە سولانغان قۇشتەك تىپىرلىدى، ئىشىكنى تارتتى. لېكىن ئىشىكنى ئاچالمىدى. قىزنىڭ پەلەمپەيدىن پەسكە چۈشۈپ كېتىۋاتقان ئاياغ تېۋىشى خېلىغىچە ئاڭلىنىپ تۇردى.

نۇرۇم قىسماقتا دەسسىگىنىنى چۈشەندى. ئەمدى ئۇ ئۆزىنى ھېچنېمىدەپ ئاقلىيالمايدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى ھېچ چۈشەنگىلى بولمايدۇ. جاھاندا چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئىشلار نېمىدېگەن تولا. بىرەر سائەتلەردىن كېيىن ئىشىك ئېچىلدى، ئۆيگە تۇتىگۇل بىلەن نۇرۇمنىڭ ئانىسى كىرىپ كەلدى، يىگىت يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى. ئانىسى بىردەم ھاسىرىدى، دېمى كېسىلگەندەك بولۇپ ئولتۇرۇپ قالدى، كېيىن ئۆيگە ۋە قىزغا قارىۋالدى، ئارقىدىن نۇرۇمغا قاراپ غەزەپ بىلەن سۆزلىدى :

— ئەۋلادىمىزدا سەندەك نائەھلى چىقىپ باقمىغان. داداڭنى

يۈرەك كېسەللىكى بىلەن ئۆلتۈرىدىغان بولدۇڭ، شۇم.

ئۇ يىغلىۋەتتى. ياشلىرى يۈزلىرىنى يامغۇر سۈيىدەك يۇيۇۋەتتى. يىغىدىن توختاپ بىردەم ئېسەدېدى، تۇتىگۈلمۇ گويا ئۇۋالغا قالغاندەك كۆز يېشى قىلىۋاتاتتى.

— يىغلىماڭ قىزىم، بىز بۇ ھارامزادىنىڭ سىزگە ئۇۋال قىلىشىغا يول قويمايمىز. دادىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ تويىنى تېز قىلىۋېتىمىز.

نۇرۇم ئىشلارنىڭ مۇنداق تېز يۈرۈشۈپ كەتكىنىگە، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەخلاق مەسىلىسىدە كونا كۆز قارىشىنىڭ مۇستەھكەم ئىكەنلىكىگە قارىماي، قانداق قىلىپ بۇ سەتەڭ قىزغا ئوڭايلا ماقۇل بولۇپ قالغىنىغا ھەيران ئىدى.

توي بولدى. نۇرۇم گويا نىكاھ سىرتمىقىغا ئېلىنغان بىگۇناھ قىزنىڭ. تۇتىگۈل بولسا زوراۋان ئەرنىڭ رولىنى ئوينىدى. بۇ قىز تويدىن كېيىنمۇ خۇيىنى ئۆزگەرتمىدى. ئويۇن - تاماشا، بەزمە، جەمشىتلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. مەستلەرنىڭ قۇسۇقلىرى، شىرە - داستىخانلارنىڭ مالىماتاڭچىلىقلىرىنى تازىلاش نۇرۇمغا قالدى. تۇتىگۈل يا چۈشكىچە ئۇخلايتتى، يا پەدىزىنى قىلىپ چىقىپ كېتەتتى. بۇنداق تۇرمۇش نۇرۇمنى ئاۋۋال، تۇتىگۈلنى كېيىن تويغۇزدى. تۇتىگۈلمۇ ھە! دېسە ھۇ! دەپ تۇرىدىغان، شىللىسىگە دەسسەپ تۇرىدىغان ئالىقاناتلارغا ھېرىسمەن بولۇپ، نۇرۇم ئۇنىڭغا ياۋاش كېلىپ قالدى. ئۇ بۇ كىتاب مەستانىسىنى ئەخمەق ئېتىپمۇ زېرىكتى. ئاخىر ئۇلار دەۋا - دەستۇر قىلىشماي «ئېقىمىز كېلىشمىدى» دەپ سوتتا ئاجراشتى. تۇتىگۈل بىر نىكاھلىق ئاتقا كىرىۋالغىنىغا خۇش بولسا، نۇرۇم ئۇنىڭدىن ئاسانلا قۇتۇلغىنىغا خۇش ئىدى.

كۈنلەر ئايلارنى، ئايلار يىللارنى قوغلاپ ئالتە يىل ئۆتۈپ كەتتى. نۇرۇم خىزمەت بىلەن ئۈرۈمچىدىن يىراققا بارالمىغان ئىدى. بۇ يىل ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ شەھەرگە، ئاندىن كېيىن XX ناھىيىسىگە كېلىپ قالدى. بۇ يەرگە كېلىپلا ساۋاقداشلىرىنى ئۇچ-

رىتىپ ئۇلاردىن ئوغۇلجاننىڭ خەۋىرىنى ئۇقتى، ھەتتا بىر قىز ساۋاقدىشى ئوغۇلجاننىڭ مەكتەپتىلا قورساق كۆتۈرۈپ قىلىپ، خىزمەتكە چىقىپ بىر نەچچە ئايدىن كېيىن بىر ئوغۇل تۇغقىنىنى ھېكايە قىلىپ بېرىپ ئۇنى تولۇق مەلۇمات بىلەن تەمىن ئەتتى.

بالىغا قان بوتۇلكىسىنى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن كىرگەن سېستىرالارنىڭ شەپىسى نۇرۇمنى خىيال دەرياسىدىن سۇزۇۋالدى. ئۇ ئۇدۇلدىكى كارىۋاتتا ئاسما ئوكۇل شېشىسىگە قاراپ خىيالغا پاتقان ئوغۇلجانغا قارىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىر - ئىككى تامچە ياش سىيرىلىپ چۈشۈپ چېكە چاچلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ يوقالغىنىنى بايقىدى. يىگىت قول ياغلىقىنى ئېلىپ ئۇنىڭ كۆز يېشىنى سۈرتۈش ئۈچۈن مىدىرلىۋېدى، بالىنىڭ:

— ئانا، ئانا ... — دېگەن ئىڭراش ئۇنى، كەينىگە بۇرۇلۇشقا مەجبۇر قىلدى. بالا يەنە كۆزلىرىنى يۇمۇپ بىر خىلدا تىنىپ ياتاتتى. ئۇنى ئوغۇلجاننىڭ قىسقا - قىسقا نەپەس ئېلىشى، ئۆكسۈپ يىغلاشلىرى ئۆزگە قاراتتى. ئۇ مۇشۇ ئۇزاق كېچىدە نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلىدى. تېخىچە توي قىلماي تاغلىق يېزىدا جاپا تارتىپ ئۆزگىرىپ كەتكەن ئوغۇلجاننى كۆرۈپ يۈرەكلىرى تىلىنىپ كەتتى. ئۇ ئوغۇلجاننىڭ ھوشىغا كەلگىنىنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇنى يۆلىدى، قۇرۇپ كەتكەن كالپۇكلىرىغا مېۋە شىرنىسىنى تېمىتتى. ئوغۇلجان كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلىرىنى ۋە خىياللىرىنى ئىختىيارىغا قويۇپ بەردى.

ئوغۇلجان كۈندۈزى ماشىنىنىڭ ئىچىدە بالىسىنى تۇتۇپ ئولتۇرغان نۇرۇمنى كۆرۈپلا تونۇغان ئىدى، ئۇنىڭ چىرايىغا بىر قاراپلا قەلبىدىكى ئالتە يىللىق يۈرەك يارىسى قوزغالدى. يۈرىكى شىددەت بىلەن سېلىپ كەتتى، كۆڭلى ئاينىپ، ھوشىدىن كەتكىنىنى تۇيمايلا قالدى، كېيىن ئۆزىنى دوختۇرخانىدا كۆردى. نۇرۇمنىڭ بالىنىڭ بېشىدا تەلمۈرۈپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ ياشلىرى دەريا بولۇپ ئاققىنىنىمۇ سەزمىدى. نۇرۇممۇ كۆپ ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. چېكە چاچلىرى شالاڭلاپ، كۆزلىرى-

ىنىڭ چۆرىسىگە قورۇق چۈشۈپتۇ. ئۇ نۇرۇمغا قاراپ ئۇنىڭ بىلەن دەسلەپ ئۇچراشقانلىرىنى ئەسلىدى، قانداق ئايرىلغانلىرىنى،ئۆزىنىڭ تارتقان دەرد ـ ئەلەملىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

## 3

نۇرۇم ئۈرۈمچىدە قالدى، ئوغۇلجان يىراق شەھەرگە تەقسىم قىلىندى. ئوغۇلجاننىڭ بۇ شەھەردە تارتىشقۇدەك، يان باسقۇدەك ئادىمى بولمىغاچقا يىراق ناھىيىگە، ناھىيىدىن چەت بىر يېزىغا كەتتى.

ئوغۇلجان نۇرۇمنى ئۇنتۇيالمايتتى. ئۇنىڭ نازۇك، ئېگىز گەۋدىسىنى، سەممىي قارا كۆزلىرىنى ئېسىگە ئالسىلا ئۆزىنى قويارغا جاي تاپالمايتتى. يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى كۆيەتتى. كۈندۈزىغۇ خىزمەت بىلەن، ئوقۇغۇچىلار بىلەن كۈننىڭ ئۆتكىنى بىلىنمەيتتى. كەچ كىرىپ ياتاقتا يالغۇز قالغاندا سېغىنىش ئوتى ئەۋجىگە چىقىپ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى گۈلخاندەك كۆيدۈرەتتى. كۆزلىرى ئۇيقۇدىن بىدار ئىدى. تاڭ ئاتقۇچە كىتاب كۆرەتتى، كونسپېك تۈزەيتتى، تاپشۇرۇق تەكشۈرەيتتى، لېكىن كۆزى يەنىلا ئۇيقۇغا بارمايتتى. ئەمدى بېشىغا بۇ بالالار چۈشتى. بۇ دەردلەرنى يالغۇز ئۆزى قانداق كۆتۈرەر. ئۇ نۇرۇمغا قىيداپ خەت يازمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى، ئۇمۇ ئۇنىڭ ئادرېسىنى بىلمىگەچكە خەت يازمىدى ئەتىمالىم. ئۇ سائەتلىك پىلان قەغىزىگە قاراپ قەلەمنى چىشلىگىنىچە نۇرۇمغا يېزىلىدىغان خەتنى قانداق باشلاش ھەققىدە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى. بۇرۇنلىرى ئېچىشىپ كۆزلىرىگە ياش تولدى. ئۇ، باشقىلار قىزلارنى ئاجىز كېلىدۇ دېسە ئىشەنمەيتتى، قىزلار نېمىشقا ئاجىز بولىدىكەن، يەتتە ئەزاسى ئوغۇللاردىن كەممىتى دەپ ئويلايتتى. قىزلارنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىگە ئەمدى ئىشەندى. نۇرۇم بولسا قىلغۇلۇقنى قىلىپ قويۇپ ھېچنېمىدىن بىخەۋەر ئويناپ يۈرىدىغاندۇ. ئۆزى بولسا ياتاقتىن چىقىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي ئولتۇرغان. قانداق قىلسا بولار، قىزلار ئۈچۈن بۇ ئىنتايىن نومۇس ئىش. ئېيىپتىنى ساقلىيالمىغان قىزنى

خەقلەر كوچىدىكى بۇزۇق ئاياللاردىنمۇ پەس كۆرىدۇ. ھەئە، ئۇلاردىنمۇ پەس كۆرىدۇ، ئەل - ئالەم نېمىدەر. ئەمدى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىغا قايسى يۈزى بىلەن كىرىپ دەرس ئۆتىدۇ، قىزلار ۋە ئوغۇللار بۇ مەردانە، شوخ، جانلىق خانىمنى ياخشى كۆرەتتىغۇ. ئەمدى ئۇلارغا قارىغۇدەك يۈزى قالمىدى، ئوغۇلجان يىراق سەھرادىكى ئانىسىنى ۋە قولۇم - قوشنىلىرىنى ئويلىدى، ئۇلار ھەتتا قىز بالىنىڭ توي قىلماي تۇرۇپ ئادەت كۆرىدىغانلىقىنىمۇ ئەقلىگە سىغدۇرالمايدىغان تۇرسا. توي قىلمىغان قىز بالىنىڭ قورساق كۆتۈرۈشىنى شەھەرلىكلەرمۇ كۆڭلىگە سىغدۇرالمايدۇ. ئۆلۈۋالسىچۇ، بىچارە ئانا، بۇ دەردنى كۆتۈرەلمەي ئۆلۈپلا قالىدۇ. بالىنى ئالدۇرۇۋەتسۇنمىكىن، لېكىن بۇنىڭ رەسمىيىتى كۆپ، بالىنىڭ دادىسىدىن رازىلىق ۋە ئىدارىدىن تونۇشتۇرۇش ئېلىش كېرەك. دادىسى نۇرۇم بۇ ئىشلاردىن تېخى بىخەۋەر تۇرسا، ئۇنىڭدىن قانداق رازىلىق ئېلىش كېرەك.

ئۇ ھەرقانداق جاپا تارتسىمۇ، خورلانسىمۇ بۇ ئىشنى ئانىسىغا بىلدۈرمەسلىك، ھېچكىمگە ئېيتماسلىق قارارىغا كەلدى. ئۇ «ئاۋۋال نۇرۇمغا خەت يازاي، ئۇ بۇ ئىشنىڭ جىددىي ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ، ئۇ ماڭا ئىشىنىدۇ. مېنى سۆيىدۇ، مېنىڭ بېشىمغا بەختسىزلىك كەلگىنىنى كۆرسە چىدىيالمايدۇ. نەچچە كۈندىلا ئاۋۋال خېتى، ئارقىسىدىن ئۆزى يېتىپ كېلىدۇ، ئۇ تەشكىل ۋە ئانامنىڭ ئالدىدىن ئۆتسە، توي قىلىۋەتسەك» دەپ ئويلىدى. ئۇ نۇرۇم ئىككىسىنىڭ توي كۈنىدىكى قىياپەتلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە جۈدەڭگۈ يۈزى، تاتىرىپ كەتكەن كالپۇكلىرىدا سۇس كۈلكە پەيدا بولدى. ئۇ خەتنى يېزىشقا ئولتۇردى.

× × ×

شىۋىرغان دېرىزىگە چاپلانغان قەغەزنى شىرىقلىتىدۇ، ئىشىكنى تاراقلىتىپ كۆڭۈلگە قورقۇنچ سالىدۇ. قاراڭغۇلۇقتا بۆشۈكنىڭ غىچىرلىشى ئاڭلىنىدۇ. مەشتىكى پوم كۆمۈر ئاللىقاچان ئۆچۈپ ئۆي

سوۋۇپ كەتكەن، ئۇچىسىغا نىمكەش يوپايكا كىيىۋالغان ئوغۇلجان بېشىنى تامغا يۆلەپ، پەنجىرىگە تىكىلگەن پېتى بۆشۈكنى تەۋرەتمەكتە. ئۇنىڭ خىيالىدىن بەزى كۆرۈنۈشلەر ئۆتىدۇ...

خەت ۋە تېلېگراممىنىڭ جاۋابى كەلمىدى. ئاھ نۇرۇم، نۇرۇم سەندىنمۇ ۋاپا كەلمىدى. ئوغۇلجاننى ھامىلدار بولۇپ قاپتۇ، دېگەن گەپ يېزىغا بىر كەلدى. قورساقتىكى بالا ئالتە ئايلىق بولۇپ قالغان ئىدى. دەسلەپ خۇددى قاپاق تارتقاندەك لىپىلداپ مىدىرلىسا، كېيىن رەسمىي قوزغىلىپ تەۋرەيدىغان بولدى. ئۇ كوچىغىمۇ چىقالمىدى، دوختۇرخانىدا ھامىلدارلىقى بىلىنگەندىن باشلاپ سىنىپقىمۇ دەسسىيەلمىدى. چۈنكى بۇ خەۋەر ئۇ دوختۇرخانىدىن يېنىپ كەلگۇچە مەكتەپكە يېتىپ كەلگەن ئىدى. ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىدىكىلەرنىڭ قانداق ئۇققىنىغا مەكتەپ مۇدىرىمۇ ھەيران ئىدى، مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى تېلېفوندا مەكتەپ مۇدىرىغا بىرمۇنچە چېچىلدى:

— مەكتەپتە نەچچە يۈز ئوقۇغۇچى بار، بالىلارغا تەسىرى يامان بولمامدۇ. بۇنداق ئوقۇتقۇچىنى سىنىپقا قانداق يولاتقىلى بولسۇن ؟ !

— ھەممىمىزنىڭ بالا ـ ۋاقىسى بار، — دېدى مەكتەپ مۇدىرى، — نادان بالا ئەقىلسىزلىق قىپتۇ باشلىق، ئەپۇ قىلسىلا.

— بولمايدۇ، بولمايدۇ، — تېلېفون ۋاڭىلداپ كەتتى. مۇدىر تۇرۇپكىنى ئۇ قولىدىن بۇ قولىغا يۆتكىدى، ئامالسىز يەنە يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— باشلىق، ئۇ بىر تۇل خوتۇننىڭ بالىسىكەن، مىڭ جاپادا ئۇن نەچچە يىل ئوقۇپ، ئەمدى ئاغزى ئاشقا تەگكەندە... باشلىق، ئۇمۇ نومۇستىن ئۆلۈۋالغىلى تاس قېلىۋاتىدۇ.

باغرى يۇمشاق بۇ ئادەم گويا ئۆز قىزىنىڭ بېشىغا بەختسىزلىك كەلگەندەك كۆڭلى بۇزۇلاتتى. ھەدەپ ناھىيىدىكى ئاچچىقى يامان باشلىققا يالۋۇراتتى.

— ھىم، — دېدى باشلىق خېلى جىمىپ كېتىپ، — ئەمسە

مۇنداق بولسۇن، خەنجەر تاغدىكى مەكتەپكە بارسۇن، شۇنداق قىلسۇن، سىز ناھىيىگە بىر كېلىڭ، رەسمىيىتىنى ئۆتەپ بېرەيلى.

باشلىق مەكتەپ مۇدىرىنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىگىمۇ قۇلاق سالمىدى. شۇنىڭدىن بىرى شەھەردىن ۋە ناھىيىدىن يىراق تاغلىق يېزىنىڭ چېتىگە سېلىنغان بۇ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ كۆمۈرخانىسىغا يانداش بىر ئېغىزلىق ياتىقى ئوغۇلجاننىڭ ئۆيىگە ئايلاندى. تاغلىقلار كەنتلىكلەرگە قارىغاندا مەردرەك ۋە كەڭ قورساق كېلەمدۇ ياكى بۇ بىچارە مۇئەللىمگە ئىچى ئاغرىدىمۇ، ئۇنىڭ كونا خامىنىنى سورۇشتۇرمىدى. ئۆينى سۈۋاپ ئاقارتىپ ئادەم ئولتۇرغۇدەك ئىسكەتكە كىرگۈزۈشتە مەكتەپنىڭ كۆزەتچىسى مۆمىن ئاخۇننىڭ كۆپ ئەجرى سىڭدى. مۆمىن ئاخۇن ھەتتا ئوغۇلجان دەرسكە كەتكەندە ئۇنىڭ بوغماقلىنە، ئاپئاقلىنە كەلگەن بالىسىنى قوينىغا سېلىپ بالىنىمۇ، مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىنىمۇ بېقىپ يۈردى، بالا بىر تاتلىق چوڭ بولۇپ، مەكتەپنىڭ قورۇلىرىدا ئويناپ يۈرسە يۈرىكى شادلىققا تولىدىغان بولدى.

× × ×

ئوغۇلجاننىڭ يۈرىكى ھەرە چاققاندەك ئېچىشاتتى، كۆزلىرى سۈيى تۈگىمەس بۇلاققا ئايلانغان ئىدى. ئاخشام ئۇنىڭ ئۆيىگە مەكتەپ مۇدىرىنىڭ باشچىلىقىدا بىر نەچچە ئوقۇتقۇچى ھېلىقى دەرۋازىۋەن مۆمىن ئاخۇن ئۈچۈن ئەلچىلىككە كىرىشتى. ئۇلار ئۆز كۆڭلىدە بۇ بىچارە خانىمغا كونا خامانىنى سورىمايدىغان ئەر، ئۇنىڭ «دادىسىنىڭ تايىنى يوق بالىسىغا دادا تېپىپ ساۋاب ھەم خەيرلىك ئىش قىلىۋاتىمىز» دېيىشسە كېرەك. مۆمىن ئاخۇن بولسا ئۈچ قېتىم ئۆيلىنىپ ئۆمرىدە پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەن، تۆتىنچى قېتىم ئۆيلىنىشنى خېلىدىن بېرى ئويلاپ «بىرەر بالىسى بولسىمۇ مەيلى ئىدى» دەپ يۈرگەن، يېشى ئاتمىشقا ناقاپ قالغان قېرى بويتاق ئىدى. بوۋاي خېلى تېتىك ئىدى، ئۆمۈر بويى جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغاچقىمۇ ياكى ئىرسىيەتتىنمۇ ئىشقىلىپ تېنى ساغلام، تىمەن

ئىدى . مەكتەپتىكىلەرگە ئوتتۇن - كۆمۈر تارقاتسا يۈدۈپ يۈرۈپ ئۆي - ئۆيلىرىگە يەتكۈزەتتى . شۇ قاتاردا « بىچارە خانىم » غىمۇ شەپقەت يەتكۈزۈپ كۆمۈر توشۇپ ، ئوتتۇنلىرىنى يېرىپ بېرەتتى ، ئەپكەشتە سۇ ئەكىرىپ ساپال ئىدىشنى لىقلاپ قوياتتى . ئوغۇلجان ئۇنى دادا ئورنىدا كۆرۈپ بەزىدە تاماققا چاقىراتتى . بۇ ساددا خەق مۇشۇنچىلىك ئىشنى « كۆڭۈل ئىشى » دەپ چۈشەندىمۇ ياكى خانىمغا ياخشىلىق قىلماقچى بولۇشتىمۇ ، بۇ ئۆيگە مۇشۇنىڭ بىلەن ئۈچىنچى قېتىم ئەلچىلىككە كىرىشتى . ئالدىنقىلىرىنىڭ بىرى مۇشۇ يېزا مائارىپبۆلۈمىنىڭباشلىقى - ھاشىر مەدداھ دەپ ئاتىلىدىغان گەپدان ۋە « ئالغانلا خوتۇنى ئۆلۈپ كېتىدىغان شۇم » دەپ ئايالالرنىڭ نەزىرىدىن چۈشكەن كىشى ، يەنە بىرى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تولا ئۆيلىنىپ خوردا بولۇپ كەتكەن « خوتۇن بىېدىكى » دەپ نامى بار كاسسىرى ئىدى . مۆمىن ئاخۇن خۇدانىڭ مۆمىن بەندىسى ، لايىقلارنىڭ ئۈچىنچىسى ئىدى . يا بۇ يەردە ياش يىگىت قۇرۇپ كەتتىمۇ ، ياكى گۇناھكار قىزغا قېرىمۇ ئارتۇق كېتىدۇ دەپ ئويلاشتىمۇ ، ئىشقىلىپ ساپلا مۇشۇنداق لايىقلار چىقىۋاتاتتى .

ئوغۇلجان نىيمىنى ، كىمنى كۈتىدۇ ، ئۇنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى . لېكىن ھەرقانچە ياۋاش ۋە ئاق كۆڭۈل بولسىمۇ مۆمىن ئاخۇنغا خوتۇن بولغۇسى يوق ئىدى . ئۇنداق بولسا بالىنى قانداق قىلىدۇ ، ئوغۇلجان بالا ئۈچۈن ھاياتىنى ، ياشلىق باھارىنى ، پۈتۈن مائاشىنى بېغىشلايتتى . ئەمدى نۇرۇم دېگەندەك نىيمىلەر ئېسىگە كىرىپمۇ قويمايتتى . ئېسىگە كەلسىمۇ تېنىگە تىترەك ئولىشاتتى . ئەمدى پۈتۈن ئەس - يادى بالىدا ، كۈندۈزلىرى سىنىپتا دەرس ئۆتۈۋېتىپمۇ مەكتەپنىڭ توپ مەيدانىدا يىلدىرلاپ يۈگۈرۈپ يۈرگەن بالىدىن كۆزىنى ئۈزەلمەيتتى . بالىنى بىر مىنۇت ، بىر سېكۇنتمۇ ئېسىدىن چىقارمايتتى . بالىسى كۈلسە كۈلەتتى ، بالا يىغلىسا ئۇنىمۇ يىغا تۇتاتتى . بالا ئاغرىسا ئۇمۇ ئاغرىپ قالغاندەك بولاتتى ، بالا ساقايسا بۇمۇ تىرىلەتتى . بالا ئۇنىڭ قەلبىدىكى قۇياش ئىدى . ئاشۇ قۇياش بولغاچقا ئۇنىڭ بۇ قازناقتەك ئۆيى نۇرغا چۆمۈلگەن-

دەك بىلىنەتتى . ئۆينىڭ خارابلىقى كۆزىگە كۆرۈنمەيتتى . ئەنە شۇ يۈرەك پارىسىنى ، ئەنە شۇ ئۇماق قوزىسىنى خەقلەرنىڭ بالىلىرى « هارامدىن بولغان » دەيتتى .

ئاخشاملىرى ئورۇنغا كىرىپ ياتقاندا ئۇنىڭ دەردى قوزغىلىدۇ ، با- لىنىڭ چىرايلىق پېشانىسى قاش - كۆزلىرى هېلىقى ۋاپاسىز نۇرۇمغا نېمىدېگەن ئوخشايدۇ ، هەتتا قاڭشارلىق بۇرۇنلىرىغىچە ئۇنىڭ تېرىسىنى شىلىۋېلىپ چاپلاپ قويغاندەك . دۇنيادا دادىنسىز ئادەم بولمىغاندەك ئۇ نارىسىدىنىڭمۇ دادىسى بار . لېكىن ئۇ « دادام پالانچى » دېيەلمەيدۇ . دا- دىسى ئۇنى تەن ئالمىدى ، خۇددى كاككۇكلار بالىسىغا ئىگە بولمىغاندەك ئۇمۇ بالىسىغا ئىگە بولمىدى . ئاه خۇدا دۇنيادا ئەرلەردەك ۋاپاسىز ، رە- هىمسىز ئىنسان بولماس .

ئاه خۇدا ، ئۇنىڭ پېشانىسى نېمانچە تەتۈردۇ . مىڭ مۇشەققەتتە ئوقۇپ ئەمدى ئانىزى ئاشقا تېگىۋېدى ، ئەمدى مۇنۇ خاپىلىق تېغى يەلكە- سىدىن باسقىنى ئاز كېلىپ بالىسىنىڭمۇ سەبىي يۈرىكىگە تامغا باستى .

ئاه نۇرۇم ، ۋاپاسىز نۇرۇم ، نەلەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرۈيدىغانسەن ، توي قىلدىڭمۇ ياكى بويتاق يۈرەمسەن ، دۇنيادا ئوغۇل- جاننىڭ بارلىقىنى ئويلامسەن ؟ ئۆزۈڭنىڭ ۋۇجۇدىدىن تۆرەلگەن « رەشىت » دېگەن ئوغلۇڭنىڭ بارلىقىنى بىلەمدىغانسەن . بىلسەڭمۇ قۇلاق يوپۇرۇپ يۈرۈيدىغانسەن ، مەن ساڭا خەتتە ھەممىنى يازغانتىمغۇ ، سەن قىز بالىدەك جانسىز ، قورقۇنچاق بىر نەرسە ئىدىڭ ، قورقۇنچاقلىقىڭنى قىلدىڭ . بالاڭغا ئىگە بولۇشتىن قورقتۇڭ . خۇدايىم ، بالامنى ئۆز پاناهىڭدا ساقلا ، تېنىنى ساق قىل ، ئۆمرىنى ئۇزاق قىل ، بالام چوڭ بولۇپ ئۇرۇمچىگە ــ ئاشۇ ۋاپاسىز دادىسى بار يەرگە بېرىپ ئوقۇيدۇ . سەن بالامنى كۆرۈپ باق ، خۇددى ئۆزۈڭنى كۆرگەندەك بو- لىسەن ، ئۇنىڭدىن گەپ سوراپ باق ، سېنىڭ ھەققىڭدە ھېچنېمە بىلمەيدۇ . بۇ ساڭا بېرىلگەن جازا .

ئوغۇلجان ئاشۇنداق خىياللار بىلەن گاه ئازاب ، گاه ئۈمىد ئىل-

كىدە ئۇزاق قىش كېچىلىرىنى، قىسقا ياز تۈنلىرىنى تاڭغا ئۇلايتتى.

## 4

كونىرىغان جىپ ماشىنا يىلان ئىزى تاغ يولىدا چاپماقتا. قاقاس تاغلارمۇ ماشىنا بىلەن بەسلەشكەندەك يۈگۈرەيتتى ۋە ئارقىدا قالاتتى. بۇ ھال ماشىنىدىكى ماتروسچە كالتە كىيىم كىيگەن ئوغۇل بالىنى خۇشال قىلاتتى. بالا تاغلار بىلەن يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە چۈشمەكچىدەك ئالدىغا تەلپۈنەتتى، قاقاقلاپ كۈلەتتى. بالىنىڭ بۇ ھالىتى ماشىنىدا ئولتۇرغان ياش ئەر بىلەن چوكاننى ئىختىيارسىز كۈلدۈرەتتى، ئەر بولسا نۇرۇم، چوكان بولسا ئوغۇلجان ئىدى.

1994 - يىل 1 - ئاي

# داۋۇت ، ھەي تېگى پەس

— داۋۇت ، ھەي قەلەندەر ، كۆرۈنمەس بولۇپ كەتتىڭغۇ ؟

— يېقىنىنىڭياغى باشقا يەرگە يۆتكىلىپ ...

— ھە ، كۆردۈم ، پىكاپقا چىققۋاپسەن ، كۆزۈڭگە ماي تىقىلىپ ، ئادەم تونۇماس بولۇپ قالغاندەك تۇرىسەن .

— قانداق ، « قارا شاڭخەي » يارىشىپتىمۇ .

— ۋاي قوۋۇرغام ، سېنىڭ چاپىنىڭمىتى ئۇ ، يارىشىپتىمۇ - ياراشماپتىمۇ دەيدىغانغا .

— چاپىنىم بولمىغان بىلەن ھەر قانداق ۋاقىتتا ...

— نېمە ھەر قانداق ۋاقىتتا ...

— نەگە بارسام بارالايمەن ، كىمنى ئاپارسام ئاپىرالايمەن .

— ۋاي قانداق قىلاي ، « قارا شاڭخەي » تۇرماق « يوغان شاڭخەي »① گە چىقساڭمۇ يەنىلا سەن داۋۇت قەلەندەر .

— ئۇنداق تىللىما دەيمەن گۆلقىز ، ھازىر بىز دېگەن يىگىت دەيمەن ، نى سەتەڭلەر « ۋاي داۋۇتكا ، ۋاي داۋۇتۇم ، ئەكىلىپ قويساڭ ، ئاپىرىپ قويساڭ » دەپ يالۋۇرۇپ يول - يولدا تۇرۇپ كېتىدۇ دېگىنە .

— ۋاي كۆڭلى پەس قەلەندەر ، ئادەم بولماي دۇنيادىن ئۆتۈپ كېتىمەن دېگىنە .

— ھەي ، گۆلقىز ، چوڭ يولدا تىللىما دەيمەن ئادەمنى .

— تىلىلىسام تىللاۋېرىمەن ، قانداق قىلالايتتىڭ مېنى ، ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئەپلىمە چاپان ، ياماق ئۆتۈك كىيىپ تۆگىدەك بو-

① « بۈيۈك شاڭخەي » دېگەن كىنونى دېمەكچى بولسا كېرەك .

يۈك بىلەن چوڭ كوچىدا يېگەننىڭ ئاغزىغا، كېيگەننىڭ ئۇچىسىغا قاراپ ئولتۇرغىنىڭ ئېسىڭدىدۇ، ئۇنتۇمىغانسەن ئۇ كۈنلىرىڭنى.

— جېنىم گۈلقىز ئۇنتۇمىدىم، قانداق ئۇنتۇيمەن ئۇ كۈنلەرنى، ئەگەر سەن بولمىساڭ بۇ چاغقىچە نېمە كۈنلەرنى كۆرەتتىمكى.

— دادام گاھىدا سېنى سورايدۇ، كۆرۈنەمدۇ دەيدۇ. ھە، دەپ قويىمەن.

— تازىمۇ كۆرگۈم كەلدى - دە، ئۇستامنى. ئۇستام مېنى كابىنكىغا سېلىپ يۈرۈپ كۆزۈم پىشىپ قالدى، كېيىن غاچچىدە ئۇستامنىڭ ئورنىغا ئىدارىنىڭ تۇرمۇش ماشىنىسىغا چىقىپ قالدىم، ئۇ يەردىن ۋەيسىڭگۈەنگە، ① ئۇندىن كېيىن ساياھەتچىلەر ئىدارىسى ...

— قەلەندەر دېدىمغۇ سېنى، ئېشىكى يىتكەن ھابدالدەك ئىدارىمۇ ئىدارا دوقۇرۇپ يۈردۈم دېگىنە.

— قانداق قىلاي گۈلقىز، خەق ئارزۇلاپ بىرەر خىزمەت تاپالمىسا، مېنى بولسا نى ... نى ... خىزمەتلەر ئىزدەپ يۈرۈيدىغۇ - تاڭ.

— تېخى پوچىمۇ بولۇپ قالدىم دېگىن، تېگى پەس.

— ھەي گۈلقىز، ئۆزۈڭ ئوبدان بالا، بىراق مۇشۇ ئاغزىڭ ...

— ئاغزىمغا نېمە بوپتۇ، ئاغزىم بۇرۇن قانداق بولسا ھازىرمۇ شۇنداق. ئاغزىمدىن چىققان گەپكە ئۆزۈم ئىگە بولۇپ يۈرۈيمەن، سېنىڭدەك لەۋزىگە ئىگە بولمىغان ئوغۇل بالىدىن مېنىڭدەك بىر تۇل خوتۇن مىڭ ياخشى.

— ئېرىڭ بىلەن ياراشمىدىڭمۇ گۈلقىز، مەن بولسام ...

— ھە، سەن بولساڭ ...

— خوتۇن دېگەن بىر نېمە « نېمە بولىدۇ داۋۇتۇم، ئەمدى ئادەم بولاي، ئۇ ئوغرىمۇ ۋاپا قىلمىدى، گۇاڭجۇغا بېرىۋېلىپ تەتەيدىن بىرنى تېپىۋالدى، تووۋا! قىلدىم گۇناھلىرىمغا، ئەمدى ئۆيىمىزنى تۇتۇپ قالساق » دەپ يالۋۇرۇپ كەتتى، ئىچىم ئاغرىپ ئۆتكەن ئايدا يارىشىۋالدۇق.

---

① چەت ئەل مېھمانخانىسىنى دېمەكچى.

— هه ، شۇگـا بـۇ كـوچىدىنمۇ ئۆتمەيدىغان بولدۇم دېگىنە ، مەن تېخى سېنى ئۆلۈپ كەتتىمىكى دەپتىمەن .

— ماگا ئۆلۈم نەدە تۇرۇپتۇ گۈلقىز ، خوتۇن دېگەن ...

— هه ، دېـسىلا خـوتـۇن دېـگەن ، خوتۇن دېگەن دەۋېرىدىغان بولۇپ قاپسەن ، شۇ خوتۇنۇڭ نېمە كۆنگە قويمىدى سېنى ، خەلقى ئالەمدە شەرمسار قىلىپ ...

— ئۇنىغۇ بىر دېمە ، گۈلقىز .

— سېنىڭ گېپىڭگە كىرىپ بىر بالامنى يېتىم قىلىپ ئېرىم بىلەن ئاجراشقىلى نەۋاخ .

— ئاجراشمىساڭمۇ بوپتىكەن .

— هەي پـەس ، بـۇ گـەپـكـە ئاغـزىڭ قانداق باردى ؟ « ئوتتۇڭدا كـۆيـىـمـەنـەي ، ئۆلۈمەنەي ، سېنى دېمسەم بۇ جاهاندا نېمىش قىلىمەن » دەپ مـاشىناڭدا توپا توزىتىپ مەلەمنى پاراكەندە قىلمىغان بولساڭ ، مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ ئوچىقىغا ئوت قالىماتتىم .

— ئۇنـى دېـسەڭ هېلىمۇ يۈرىكىمنىڭ بىر يېرى ساڭا كۆيۈپ تۇ-رىدۇ ، گۈلقىز ، ئەمدى قانداق قىلىمەن خوتۇن دېگەن ...

— ۋاي شـۇ رەسـۋا خـوتـۇنـۇڭ بـىلەن ئەرشئەلاغا چىقىپ كەت ئىلاهىم ، ئەزەلـدىـمۇ مېنى گوللاپ ، دوپپامغا جىگدە سېلىپ يۈرۈپ ، شۇ خـوتـۇنـنـى دەپ مـېـنـى تاشلىغان ئىدىڭ . مەن ئەخمەق يەنە ساڭا گول بولۇپ ... توختات ماشىنىنى ، مەن چۈشىمەن .

— توختا گۈلقىز ، ئالدىرىما ، يىقىلىپ چۈشىسەن .

— يىقىلسام يىقىلدىم ، ئۆلسەممۇ ساڭا دەۋايىم يوق نامەرد ، پەس .

— گۈلقىز ...

— ئۆل قەلەندەر ... هۇ ... هۇ ...

1988 - يىل

# مامۇت مەتنۇ

بالا ۋاقىتلىرىمىزدا ئۆگزىمىزگە چىقىۋېلىپ ھەققەمسايىمىزنىڭ ھويلىسىغا قارايدىغان ئادىتىمىز بولىدىغان. ئانامنىڭ دەپبېرىشىچە، ھەققەمسايىمىز نەچچە ئەۋلادتىن بېرى تۆمۈرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ ھۈنىرى داۋۇت تۆمۈرچىنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە راسا روناق تاپقان ئىكەن. داۋۇت تۆمۈرچىنىڭ بېيىپ كېتىشى ئۇنىڭ ھارماس ئوغلى مامۇتاخۇنىنىڭ ئەمگىكى بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەن.

داۋۇت تۆمۈرچى، ئايالى مەرىمنىساخان ۋە ئوغۇللىرى مامۇت تۆمۈرچى، ساۋۇت تۆمۈرچى، ئاۋۇت تۆمۈرچى بولۇپ بەش جانلىق بۇ ئائىلە تۆمۈرچىلىكتىن كەلگەن دارامەت بىلەن تىرىكچىلىك قىلىشاتتى.

داۋۇت تۆمۈرچى چاساقال، تەمبەل، ئالدىغا سەل ئېگىشكەن، قاشلىرى كۆزلىرىنى يېپىپ ئالغان ئادەم ئىدى. يېرىم يالىڭاچ تېنىدىن تېرە پەرتۇق، قولىدىن قىسقۇچ چۈشمەيتتى.

چوڭ ئوغلى مامۇت، ياق بۇنى تەسۋىرلەشنى كېيىنگە قالدۇرۇپ، ئاۋۋال ئوتتۇرانچى ئوغلى ساۋۇتقا كەلسەك، ئۇ شوخ، ئويۇنچى، راۋاب چېلىپ ناخشا ئېيتالايدىغان يىگىت بولۇپ، ھەققەمسايىلار بىلەن بەكمۇ چىقىشاتتى. تولا ۋاقىتلاردا پۈتكەن تاقا، ئورغاق، كەكە، پالتا قاتارلىق تۆمۈر جابدۇقلارنى كۆتۈرۈپ بازارمۇ بازار ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۆيىدىكى چاغلاردا قولىغا راۋابنى ئېلىپ ئىشىك ئالدىغا چىقىۋالاتتى. ئىشىك ئالدىدا داۋۇت تۆمۈرچىنىڭمۇ ياكى خۇددىيىم بەگنىڭمۇ ئىشقىلىپ، مەن ئەقلىمگە كەلگەندىن بېرى تامنىڭ تۈۋىدە دۆۋىلەگلىك لىم ياغاچلار بار ئىدى.

ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئەخلەت - چاۋارلار، غازاڭلار توشۇپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ يەر كۈندۈزى بالىلارنىڭ، كەچقۇرۇنى ساۋۇت دېمەتلىك ياشلارنىڭ يىغىلىشىدىغان جايى ئىدى.

تاقىر بېشىغا بادام دوپپىسىنى سىڭايان كىيىۋالغان ساۋۇت ئاشۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئۇزاقتىن ئۇزاق راۋاب چالاتتى. ناخشا - سازغا ھېرىسمەنلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشاتتى. ھەتتا ئۇيان - بۇيان ئۆتۈۋاتقان يولۇچىلارمۇ بىردەم - يېرىمدەم توختاپ ئۇنىڭ ناخشىلىرىغا قۇلاق سالاتتى. ياش چوكانلار، بويىغا يەتكەن قىزلار سۇ ئېلىپ كېلىش باھانىسىدا ئۆيلىرىدىن چىقىشىپ ئۆستەڭ بويىدا بىر ھازا تۇرۇشاتتى. ئۆيلىرىگە قايتقاندىمۇ بەك ئاستا مېڭىشاتتى.

تۆمۈرچىنىڭ كىچىك ئوغلى ئاۋۇت بۇرۇتى خەت تارتمىغان ئاق سويما ئىدى. ئۇ ئەتىگەندىن بېرى تۆمۈرچىخانىدا كۆيەك بېسىپ ئولتۇرۇۋېرىپ، كۆيۈشۈپ كەتكەن پۇتلىرىنى باللار بىلەن مۆكۈشمەك ئويناپ تۈزەيتتى، ئويناپ ھارمايتتى، تاكى مەرمەنساخان قۇلىقىدىن تارتىپ ئەكىرىپ كەتمىگىچە ئۆيىگە كىرمەيتتى.

ئەمدى چوڭ ئوغلى مامۇتقا كەلسەك، ئۇ تولىمۇ قىزىق بىر بەندە بولۇپ، مەھەللىدە «مۆرىمەس» نامى بىلەن مەشھۇر ئىدى. ئۇ ئۆمرىدە بىر نەچچە ئېغىزلا گەپ قىلغان، شۇ گەپنىمۇ ئۆز بېشىغا كېلىدىغان كۆرگۈلۈكلەردىن بىشارەت بەرگەندەك ھۆكۈم قىلىپ ئېيتقان ئىدى. مامۇت خۇددى ئانام ئېيتىپ بەرگەن چۆچەكلەردىكى دېۋىدەك كۈچتۈڭگۈر، كەڭ يەلكىلىك، ئېگىز بويلۇق ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ قاپقارا ساقىلى قوشۇما قاشلىق، قارا كۆزلۈك ئاپئاق يۈزىگە خۇيمۇ يارىشاتتى. داۋۇت تۆمۈرچى ئۇنى «تەلۋە» دېسە، ئانىسى مەرمەنساخان «تۆگە» دەيتتى. كوچىدىكى خەقلەر بولسا «مۆرىمەس» دېيىشەتتى. مەن ئۇ چاغلاردا مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ ئۆيىمىزنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىۋالاتتىم. ئۆگزىدە تۇرۇپ يىراقلارغا نەزەر سالاتتىم. ئېگىز - پەس ئۆگزىلەرنى، خانلىق مەدرىسىنىڭ پەشتاق ۋە كۆپكۆك نەقىشلىك گۈمبەزلىرىنى. كۆك

ئاسمانىدىكى كەپتەرلەر توپىنى تاماشا قىلىشقا ئامراق ئىدىم. ئۇنىڭدىن زې-رىكسەم قوشنىمىز داۋۇت تۆمۈرچىنىڭ ھويلىسىغا قارايتتىم. بۇ ھويلا بىزنىڭ ئۆگزىدىنىغۇ بىر نەچچە مېتىر پەس، ھەتتا كوچىدىنمۇ بىرەر مېتىر چوڭقۇر بولۇپ، قىيپاش دالان بىلەن ھويلىغا كىرگىلى بولاتتى. ھويلىنىڭ مەشرىق تەرىپىدە مېھمانخانا، ئاشخانا؛ مەغرىب تەرىپىدە تو-نۇر، تۆمۈرچىخانا؛ كۈن پاتار قىيپاش تەرەپتە ئاتخانا ۋە تالاغا چىقىدىغان ھېلىقى ئىشىك بار ئىدى. ھويلىنىڭ كۆرۈمسىز — چوڭقۇرلۇقىغاباقماي، ئاشخانا ۋە ئاتخانىنىڭ ئالدىغا ئۆسۈپ چىققان ئۈجمە دەرەخلىرى ئۇ يەر-لەرگە خېلىلا ھۆسن ئاتا قىلغان ئىدى. ھەتتا بۇ ئۈجمىلەر بىزنىڭ ئۆگزىگىمۇ شاخلىرىنى يېيىپ سايە تاشلايتتى. بولۇق شاخلىرى كوچى-غىمۇ ساڭگىلاپ ئۆتكۈنچىلەرنى ئۆزىنىڭ بۇدرۇق، ئاپئاق مېۋىلىك شاخلىرىغا تەلمۈرتەتتى.

ھويلىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئاز كەلگەندەك يوغان تۆمۈرچىلىك سەندىلىنىڭ يېنىدا قارىيىپ كەتكەن بىر ئازگال بولۇپ، بۇ يەر ھېلىقى مامۇت مۆرىمەسنىڭ خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى كىرىۋېلىپ بازغان سوقىدى-غان جايى ئىدى. ئۇنىڭ بازغىنى غەيسى چوڭ — خۇددى چۆچەكلەردىكى پالۋانلارنىڭ گۈرزىسىگە ئوخشايتتى.

داۋۇت تۆمۈرچى تۆمۈر قىسقۇچ بىلەن ئوچاقتىن ئالغان تۆمۈر-لەرنى مامۇت بازغان بىلەن ھەر ئۇرغىنىدا قىپقىزىل ئۇچقۇنلار تەرەپ - تەرەپكە چاچرايتتى. بۇ ئۇچقۇنلار ئۇنىڭ تېرە پەرتۇق تارتقان تۈكلۈك مەيدىسىگە ئۇچۇپ باراتتى. مەن بۇ نۇرلۇق ئۇچقۇنلارنى ياخشى كۆرەت-تىم. ئۇ ئۇچقۇنلارنىڭ مامۇت مۆرىمەسنىڭ تۈكلۈك مەيدىسىنى كۆيدۈرۈۋەتمىگىنىگە ئەقلىم ھەيران. تۆمۈر پارچىسىنى يوغان قىسقۇچتا قىسۋالغان داۋۇت تۆمۈرچى تۆمۈرنى ئاپىرىپ چېلەكتىكى سۇغا سالاتتى. بۇ يەردىن پۇرۇقلىغان ئاۋاز بىلەن تەك ھور كۆتۈرۈلەتتى. بۇلار ماڭا تېپىلغۇسىز تاماشا ئىدى.

مامۇت مۆرىمەس بازغاننى بىر كۆتۈرۈپ ئۇرۇشقا باشلىسا تاكى

داۋۇت تۆمۈرچى « توختا ھوي تەلۋە » دېمىگۈچە ئۈزۈلدۈرمەي ئۇراتتى . بىر چاغدا مەرەمنىساخان ئاچىنىڭ تامىقى پىشىپ ، ھويلىنىڭ بىر تەرىپىگە قويۇلغان « كات » دەپ ئاتىلىدىغان يوغان ياغاچ كارىۋاتقا داستىخان سې-لىنىپ قاچا - قومۇچلار كەلتۈرۈلگەن ، دادىسى ئاللىقاچان قوللىرىنى يۇيۇپ داستىخاننىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بولسىمۇ ، مامۇت ھېلىقى ئازگالدا يەنە نېمىنىدۇر كۈتكەندەك تۇرۇپ قالاتتى . مەرەمنىساخان ئاچچىقى بىلەن « ھوي تۆگە ، چىقمامسەن ، ژىنىڭغا بىر نېمە تېقىپ ئاندىن گۆرىڭگە كىر » دېمىگۈچە ئازگالدىن چىقمايتتى .

بۇلار ھۇنەرۋەن ئادەملەر ئىدى ، بەش ۋاخ نامازنى تەرك ئەت-مەيتتى . چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئاتا - ئوغۇللار تەرەت ئېلىپ نامازغا تۇرۇشاتتى . مامۇت تەرەت ئالغاندەك بىر نېمىلەرنى قىلاتتى . تاكى مەرەم-نىساخان ئاچا « بول ھوي تۆگە » دېگەندىلا چۆگۈننى قويۇپ ، جايىنامازغا يالىڭاياغ كېلەتتى . قىزىقى ، ئۇ سەجدىگە بىر باش قويۇۋالسا نەچچە مىنۇتقىچە بېشىنى كۆتۈرمەي دوڭغىيىپ ئولتۇرۇۋېرەتتى . يەنە مەرەمنى-ساخان ئاچا نوقۇپ قويغاندىلا ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن لوڭڭىدا تۇراتتى . ئەگەردە ئۆرە تۇرۇۋالسا باشقىلار نوقۇپ قويمىغۇچە خۇددى قېقىپ قويغان قوزۇقتەك تۇرۇۋېرەتتى . ئۇ ناماز ئوقۇۋاتامدۇ ياكى بىر نې-مىنى خىيال قىلىۋاتامدۇ ، بۇنى بىر خۇدا ، بىر ئۆزى بىلمىسە باشقىلار بىلمەيتتى . ئادەتتە باشقىلار تۈگۈل كۆندە بىللە تۆمۈرچىلىك قىلىدىغان ئاتىسى بىلەنمۇ گەپلەشمەيتتى . ئۇ خۇددى بىر يوغان كىران ياكى ماشىنا ئادەمدەك ئاستا ، رىتىملىق ھەرىكەت قىلاتتى . ئۇنىڭ ئاشۇ تۇرقى ئادەمنى ئەيمەندۈرەتتى . ئۇنىڭ قېشىدا يالغۇز تۇرۇشقا ، غىڭ - پىڭ دېيىشكە ھېچكىممۇ جۈرئەت قىلالمايتتى . ئۇلار ئۇنىڭ ئېغىرلىق كۆتۈرگۈچى ما-ھىرلارنىڭكىدەك بولجۇڭ گۆشلىرى تۈرۈلۈپ چىقىپ تۇرىدىغان بىلەكلىرىگە ، يەلكە ، مەيدىلىرىگە ھەۋەس قىلىشاتتى . ئاتا - ئانىسىنى دېمىگەندە بۇ مەھەللىدە ئۇلارنىڭ مەشرىق تەرەپتىكى تام قوشنىسى سانىخانلا ئۇنىڭغا گەپ قىلىشقا پېتىنالايتتى . سانىخان دوغىلاق يۈزلۈك ،

ئەگىمە قاشلىق، قاملاشقان چوكان بولۇپ، خېلىلا جىلۋىلىك ئىدى. ئىككى ئەرگە ياتلىق بولغان، تۇنجى ئېرى بىلەن ئۈچ قېتىم ياراشقان، يەنە قاملاشماي تۇل ئولتۇرغىنىغا ئۈچ يىلدىن ئاشقان بۇ شوخ چوكان ئويۇنچى ئىدى. ئۇمۇ بىكار ۋاقىتلىرىدا ئۆگزىسىگە چىقىۋېلىپ، دوپپا تىككەچ بۇ چوڭقۇر ھويلىغا قاراپ مەرەمنىساخان ئاچا بىلەن پاراڭلىشاتتى. مەرەمنىساخان ئاچا پەستە، ئۇ ئېگىزدە بولغاچقا بىر ـ بىرىگە گېپىنى ئاڭلىتىش مەقسىتىدە چىڭ ـ چىڭ گەپ قىلىشاتتى.

يازنىڭ ئىللىق بىر كۈنى، داۋۇت تۆمۈرچى پۈتكەن تاقا ـ ئورغاقلىرىنى ئېلىپ ساۋۇت بىلەن يەكشەنبە بازارغا كەتتى. ئاۋۇت ئوخشاشلا مەھەللىدە ئويۇن بىلەن بەنت ئىدى. مەرەمنىساخان ئاچا قوشنىلارنىڭكىگە چىقىپ كەتكەن ئىدى. مامۇت مۆرىمەس ھويلىدا — ھېلىقى ئازگالدا ئاسمانغا قاراپ جىم ـ جىم ھاڭۋېقىپ ئولتۇراتتى. دوپپا تىكىپ ئولتۇرغان سانىخاننىڭ بىر قىزىقچىلىق قىلغۇسى كەلدى ئەتىمالىم، ھويلىغا قاراپ توۋلىدى:

— ھوي مامۇتاخۇن، دادىڭ نەگە كەتتى؟

مامۇت ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ قاراپ قويۇپ گەپ قىلمىدى.

— ئاناڭچۇ؟

مامۇت جىم تۇرۇۋەردى.

— ئۆزۈڭچۇ؟

مامۇت دەسلەپ ھاڭۋېقىپ قالدى، بېشىنى سانىخاندىن بۇراپ ئۆزىنىڭ يۇڭلۇق مەيدىسىگە قاراتتى. كېيىن سانىخانغا قاراپ مەيدىسىگە بىر مۇشت ئۇردى، سانىخان ئۇنىڭ قىلىقلىرىغا قاراپ كۈلۈپ تېلىقىپ كەتتى، كېيىن كۈلكىسىنى ئاران توختىتىپ مامۇتقا چاقچاق قىلىشقا باشلىدى:

— مامۇتاخۇن، خوتۇن ئالمامسەن؟

مامۇت مەنىسىز جىلمىيىپ قويدى.

— مامۇتاخۇن ، مەن ساڭا تېگەيمۇ ؟

مامۇتنىڭ چىرايىدا ئەجەبلىنىش ، قىزىقىش ، قورقۇنچتەك ئالا- مەتلەر كۆرۈلدى . ئۇ بېشىنى ئىككى ياققا لىڭشىتتى .

— مامۇتاخۇن داداڭ كەلگەندە تاۋار - دۇردۇن ئېلىشقا پۇل بەر ، خوتۇن ئالىمەن دەپ تۇرۇۋالى ، ئۇنۇمىسا يىغلاپ خاپا قىل ، ئۇلار ساڭا خوتۇن ئېلىپ بېرىدۇ . ھەي مامۇتاخۇن خوتۇن دېگەن ئوبدان نېمە ، — دەپ كۈلدى سانىخان .

مامۇت ئۇشتۇمتۇت ھېلىقى « گۆر » دىن سەكرەپ چىقىپ ، باغلاقتىن بوشانغان ياۋايى ھايۋاندەك ھويلىدا يۈگۈرۈشكە باشلىدى . ئۇ تۈكلۈك قوللىرى بىلەن مەيدىسىگە مۇشتلايتتى ، بىز نېمىلەرنى دەپ ۋار- قىرايتتى . سانىخان ئۇنىڭ بۇ ھالىدىن قورقۇپ قالدى . ئۆگزىسىدىن چۈشۈپ قوشنىلارنىڭكىدىن مەرەمنىساخان ئاچىنى چاقىرىپ چىقتى . ئۇ بىر نېمىلەرنى دەپ گاھ يالۋۇرۇپ ، گاھ ۋارقىراپ بۇ مۆرىمەسنى ئاران پەسكويغا چۈشۈردى .

ئاشۇ كۈندىن باشلاپ مۆرىمەس بازغاننى تۈزۈك سوقمايدىغان ، گاھىدا بازغاننى كۆتۈرگىنچە بىر نۇقتىغا تىكىلىپ تۇرۇپ قالىدىغان بولدى . نامازنىمۇ تاشلىۋەتتى . تېخىمۇ مۆرىمەس بولۇپ قالدى . داۋۇت تۆمۈرچىنىڭ ئاچچىقى يامان ئادەم بولغاچقا ئۇنى تىللاپ باقتى ، دۆشكۈشلىدى ، ھەتتا بىر كۈنى ، ئۆزىدەك ئىككى چىقىدىغان بۇ تۆگىنى قاتتىق ئۇردى . بىراق بۇ تاياقلار قۇمغا سۇ سىڭگەندەك سىڭىپ كەتتىكى ، ئۇنىڭغا ھېچبىر تەسىر قىلمىدى . ئۇنىڭ تۇرغىنى تۇرغان ، ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان ئىدى . كۆزلىرى ئاسماندىن ئۈزۈلمەيتتى . ئۇ بەزىدە خېلى جانلىنىپ قالاتتى . راست گەپنى دېگەندە ، سانىخان ئۆگزىگە چىقىپ داۋۇت تۆمۈرچىنىڭ ھويلىسىدىكىلەرگە سالام بېرىپ ، مامۇتقا ئانچە - مۇنچە چاقچاق قىلىپ قويسا، مۆرىمەسنىڭ سۇرلۇك چىرايى سەل - پەل تۈزۈلەتتى . ئاندىن كېيىن ئۇ بازغاننى بىر سوقۇشقا باشلايدىغان بولسا توختاتقىلى بولمايتتى . ئەگەر جايىنامازدا بىر ئولتۇرۇۋالىدىغان بولسا

قوپقوزغىلى بولمايتتى .
مەرەمنىساخان زېرەك خوتۇن ئىدى . بىر كۇنى ئۇ سانىخانغا يالـ ۋۇردى :
— جېنىم خېنىم سانىخان ساراڭ بىلەن ئويناشمىغىنا ، تەگمىگەندىكىن نېمە قىلسەن ئۇنى قىيناپ . ھەقىچان ساراڭ سېنىڭ چاقچاقلىرىڭغا ئىشىنىپ قالدى .
— مەيلى ئەمەسمۇ ئىشىنىپ قالسا .
— ئۇنىڭغا بىرەر خوتۇن تەگسىمۇ كاشكى ، سەن تېگەمتىڭ يا .
— ئۇمۇ مېنى ئالامدۇ ... ھا ... ھا ...
چوكان ھەييار ئىدى ، شەيتاننى ئۇسسۇلغا سالاتتى . ئۇنىڭ خىيالىدا ئۇنىڭغا تېگىش دېگەن يوق ئىدى ، پەقەت ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ، تەلۋىنىڭ تاماشاسىنى كۆرۈش نىيىتىلا بار ئىدى . مەرەمنىساخان بۇنى بىلەتتى ، ئۇنى بۇنداق قىلىشتىن توسايتتى . لېكىن ھەييار چوكان مەتۇ بىلەن ھەپىلىشىپلا يۈرەتتى .
ئۈجمىلەر ئاقىرىپ ، پىلە قۇرتىدەك پارقىرىغان چاغلار ئىدى . بىر كۇنى سانىخانىڭ ئۈجمە يېگۈسى كەلدىمۇ ياكى مۆرىمەسنى گەپكە سالاي دېدىمۇ ، قىزىل ئېنگىلىشىن كۆڭلىكىنى كىيىپ ، ئۆگزىگە چىقتى - دە ، پەستە تۇرغان مامۇتقا قاراپ كۇندىكى چاقچىقىنى باشلىدى .
— مامۇتۇم ، ئۈجمىلەر ئەجەب چىرايلىق پىشىپ كېتىپتۇ .
مامۇت ئاسمانغا قارىدى ، بىر ئۈجمىلەرگە ، بىر سانىخانغا قاراپ ھىجايدى . ئۇنىڭ چاچ - ساقاللىرى قوشۇلۇپ كەتكەن سۇرلۇك چىرايىدا كۆرۈنگەن بۇ كۇلكە خۇددى بۇلۇتلۇق ئاسماندا كۇن چىققاندەك پاللىدە قىلىپ ئۇنىڭ يۈزىنى يورۇتتى .
— مامۇتۇم بىر ئىرغىتىپ بەرگەن بولساڭ ئۈجمىنى راسا تىرىپ يەپ كېتەردىم .
مامۇتنىڭ چىرايى نۇرلىنىپ كەتتى . ئۇ يوغان بەستىنى لىككىدە قىلىپ ئازگالدىن يۇقىرىغا ئالدى ، داۋۇتكام ۋە مەرەمنىساخان ئاچىنىڭ

هاي ـ هۇيـلىرىغا قارىماستىن ئۆجمىگە ياماشتى. سانىخانىنىڭ ئۆگزىسىگە ئۆجـمـىنىڭ بىلەكتەك بىر شىخى ساڭگىلاپ تۇراتتى. مامۇت غول ئۆجمـ
دىـن ئۆتـۈپ ئەنـە شـۇ شـاخـقـا يـامـاشـتـى. بـۇ چـاغدا پەستە تۇرغانلار چۇرقىرىشىپ كەتتى. ئۆجمە شىخى يەردىن ئاز دېگەندە 10 ـــ 15 مېـتـر ئېـگـىز ئىـدى. داۋۇت هويـلـىـدىـكـىـلەرنىڭ ۋە باشقا ئۆگزىدىكىلەرنىڭ چۇرقـىـراشلىرىغا پەرۋا قىلماي لىڭشىداپ تۇرغان شاخ بىلەن سانىخانىنىڭ ئۆگزىسىگە قاراپ ئىلگىرىلەيتتى.

ـــ ۋاي مامۇتۇم، ئارقاڭغا قايت، يىقىلىپ ئۆلىسەن.

ـــ ئۆلسەم ئۆلەي، ـــ دېدى مامۇت شاختىن شاخقا ئۆتكەچ.

ـــ ۋاي، مامۇتۇم، بولدى ئۆجمە يېمەيمەن، ئارقاڭغا قايت.

چوكان شۇنداق دېگىنچە ئۆگزىدە تىپىرلايتتى، مامۇت لىڭشىداپ تـۇرغـان شـاخ بىلەن پۈتۈن ئۆجمىنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ، ئېگىز ئۆگزىگە ئۆزىـنـى ئاتـتـى ۋە سـانـىخانىنى مەهكەم تۇتۇۋالدى. ئۇ كېكەچلەپ مۇنداق دېدى:

ـــ ما ... ماڭا ... ت ... تېگەمسەن، تېگەمسەن.

ـــ ۋاي ساراڭ، مېنى قويۇۋەت!

ـــ تېگەمسەن، تېگەمسەن.

مـامۇت شاتۇتىدەك «تېگەمسەن» دېگەن سۆزنىلا تەكرارلايتتى، ســانــىـخـانــى بارغانسېرى چىڭ قامااللايتتى. بىردەمدە ئۆگزە ـ ئۆگزىگە خـەقـلـەر تـوشـۇپ كـەتـتـى. ئۇلار چـىـرقـىـرىـشـاتتى، ئىسقىرتىشاتتى، كۈلۈشەتتى.

ـــ چـىـڭ تـۇت مـامۇتـۇم، گېپىڭگە كىرمىسە قويۇپ بەرمە، ـــ دەپ مۆرىمەسنى دەيدەيگە سالاتتى ياش يىگىتلەر.

مـامـۇت سـانـىـخـانـىـنـى قـويـۇۋېـتـىدىغاندەك ئەمەس، ھەتتا ئۇنى قـۇچـاقلاپ ئېـگـىـز ئۆگـزىدىن ئۆزىنى تاشلايدىغاندەك ئەلپازدا ئىدى. ئۇ چـوكـان بـولـسا بايا مامۇت ئۆتكەن شاخقا مايمۇن بالىسىدەك ئېسىلىۋالغان ئىـدى، بـۇ هالـقـىـلـىـق پـەيتتە مەرەمنىساخان ئاچىنىڭ كاللىسى ئىشلەپ

قالدى .

— ۋاي سانى ، تېگىمەن - دە ، تېگىمەن دەپ قۇتۇل ، بولمىسا ئۇ ئۆزىنىمۇ ، سېنىمۇ نابۇت قىلىدۇ .

سانىخان ئاچچىقىدا ۋارقىرىدى :

— ۋاي مامۇتۇم ، تېگىمەن . ساڭا تېگىمەن مېنى قويۇۋەت .

مامۇتنىڭ چىھرىدە كۈلكە جىلۋىلەندى ، ئۇ سانىخاننى قويۇۋېتىپ بازغاندەك مۇشتۇمى بىلەن مەيدىسىگە بىرنى ئۇردى - دە ، ئاسمانغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى . خۇدايىم بىر ساقلاپ شاخ سۇنۇپ كەتمىدى ، ئۇ دېۋىدەك بەستى بىلەن ھايت - ھۇيت دېگۈچە ھېلىقى لىڭشىداپ تۇرغان شاختىن ئۆتۈپ غول ئۇچىغا ياماشتى ، شۇئان سىيرىلىپلا يەرگە چۈشتى . گەرچە ئۇ بەردە ئۇنى تىل - ھاقارەت ، تاياق كۈتۈپ تۇرسىمۇ ئۇنىڭ پەرۋايىغا كەلمىدى ، چىھرىدىن كۈلكە كەتمىدى . ئۇ ھېچقانداق كومپوزىتورنىڭ ئۆمرىدە خىيالىغا كىرىپ چىقمايدىغان بىر ئاھاڭدا ناخشا باشلىۋەتتى :

ۋاي سانىخان ، ئارقامدىن

ئەگەش ، جېنىما .

شۇ كۈندىن كېيىن مامۇت مۆرىمەستە ئاجايىپ ئۆزگىرىش يۈز بەردى ، كۈچىگە كۈچ قوشۇلدى ، ئۇنىڭ ھاڭقىيىپ تۇرغان چىرايىدا يېقىملىق بىر كۈلكە جىلۋە قىلاتتى . بۇرۇن دادىسى ئۇنى ھويلىدىكى كارىۋاتتا ئولتۇرغۇزۇپ ، ئۇنىڭ ساقال - بۇرۇتىنى ئالغۇچە قىيامەت قايىم بولاتتى . ئۇ ئالغۇزمايمەن دەپ ۋارقىرايتتى . دادىسى ئۇنى تازا دومبالاپ ئاندىن ئۇنىڭ چاچ - ساقىلىنى ئاران ئېلىپ قوياتتى . ھازىر ئۇ ئارا كۈندە ، يىلىمان سۇ بىلەن چاچ - ساقاللىرىنى ھۆلدەپ يۇندىسىنى ئېقىتىپ سۇپىدا ئېگىشىپ ئولتۇرۇۋالاتتى . ئەمدى داۋۇت ئۇستام بۇ تەلۋىنىڭ چاچ - ساقىلىنى غىبداپ ، ئاۋارە ئىدى .

ئۆگزىدىكى ھېلىقى ۋەقە يۈز بېرىپ بىر ئاي ئۆتكەن بىر يېرىم كېچىدە سانىخاننىڭ ئىشىكى ئالدىدا كۆتۈرۈلگەن غەلۋىدىن پۈتۈن مە-

ھەللىدىكىلەر ئويغىنىپ كەتتى . خەقلەر ئۆيلىرىدىن چىقىپ سانىخانىنىڭ
ئىشىكى ئالدىغا كېلىشىپ ، ئۇ يەردە ئادىيىپ تۇرغان مامۇتنىڭ ھەيۋەتلىك
گەۋدىسىنى تونۇدى . ئۇنىڭ پۇتى ئاستىدا خۇددى بۇركۇتنىڭ چاڭگىلىدا
قالغان توشقاندەك شۈمشىيىپ ، دوقمۇشتىكى سەپەر دوغچى ياتاتتى .
خەقلەر ئۇنى مىڭ تەستە ساقلاپ قېلىشتى .
شۇنىڭدىن بېرى مامۇت كېچىسى سانىخانىنىڭ ئىشىكىنى
تاختىمۇشۇكتەك بېقىپ ياتىدىغان بولدى . بۇ ئىشلار داۋۇتكام بىلەن مە-
رەمنىساخان ئاچىنى ئويغا سالدى . ئۇلار بۇ تەلۋىنىڭ بىرەر ئىش تېرىپ
قويۇشىدىن ئەندىشە قىلىپ ، چوكانغا نۇرغۇن تويلۇق پۇل بېرىپ ،
ياخشى سۆزلەرنى قىلىپ ئۇنى مامۇتقا تېگىشكە ماقۇل كەلتۈردى .
سانىخانمۇ ئەرسىز تۇل ئولتۇرۇپ زېرىكىپ قالغان ، دوپپا تىكىپ
سېتىپ كۈننى ئاران كۆن ئېتىۋاتقان بولغاچقا ، ئۇلارنىڭ تەكلىپىگە ما-
قۇل بولدى . « ئېيىق بولسىمۇ ئېرىك بولسۇن ، ئۆكۈر بولسىمۇ ئۆيلۈك
بولسۇن ، كەلمىگەن تەلەيىنى كۈتۈپ ئولتۇرغۇچە تەلۋىگە بولسىمۇ تەگ-
مەيمەنمۇ ، بولغىنىچە ئەر بولار . بەك بولۇشالمىسام ئاجرىشىپ
كەتمەمدىمەن » دەپ ئويلىدى سانىخان .
مامۇت دېگەن بۇ مەتۇ چىرايلىق چوكانغا ئۆيلىنىپ تېخى ئۇنى
ئۆز ئۆيىگە كۆچۈرۈپ ئەكىردى . شۇندىن باشلاپ بۇ سۆرۈن ھويلىغا
تۇس كىردى . بىكار تۇرغان ئاتخانا تۆمۈرچىخانىغا ئۆزگەرتىلدى . ھويلا
پاكىز بېسىقتۇرۇلۇپ سۈپۈرۈلىدىغان ، سۇ سېپىلىپ تۇرىدىغان بولدى .
ئاشخانىدا ھەر كۈنى ئىككى ۋاخ مەززىلىك غىزا پىشۇرۇلىدىغان بولدى .
بىر يىلدىن كېيىن سانىخان بۇ تەلۋىگە پاقلاندەك بىر ئوغۇل تۇغۇپ
بەردى . بۇ تەلۋە بالىغا شىر ئېلى دەپ ئىسىم قويدى . ياش چوكان ،
پاقلاندەك ئوغۇل ، مامۇت بولۇپ بۇ ئائىلە كۈنلىرىنى كۆڭۈللۈك
ئۆتكۈزۈشۈۋاتاتتى . مامۇت تەلۋە بولغان بىلەن خوتۇن ۋە بالىسىغا كۆ-
يۈمچان چىقىپ قالدى . ئۇنىڭ خوتۇن ۋە بالىسىغا قاراپ كۆزى
تويمايتتى . تىنىم تاپماستىن بازغان سوقۇپ ئاق تەڭگىلەرنى تېپىپ ، ئا-

ئېلىنى روناق تاپتۇرماقتا ئىدى.

ئورغاق ياتقان بوغداينى ئەمەس، ئۆرە بوغداينى ئورغاندەك، بەزى ئاتا - ئانىلار ھېچ ئىش قىلمايدىغان بالىسىغا گېپىنى ئۆتكۈزەلمەيدۇ - يۇ، ئىشلەمچان، گەپ ئاڭلايدىغان بالىسىنى ھەممە ئىشقا سالىدۇ. گېپىنى ئاڭلىمايدىغان بالىسىغا ياخشى گەپلەرنى قىلىدۇ، تېخى ئامراقلىق قىلىدۇ. ئىشچان بالا ئىشنىمۇ قىلىدۇ، ئاتا - ئانىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قالغاندا قىلغان قاڭسىق گەپلىرىنىمۇ ئاڭلايدۇ.

داۋۇت ئەر - خوتۇنلار ئەنە شۇنداق ئاتا - ئانىلاردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ ساۋۇتتۇم دېگىنى بازارمۇ بازار لاغايلاپ يۈرۈپ بەزىدە دەسمايىدىن قۇرۇق قالسىمۇ گەپ يوق، پۈتۈن كۈچى ئۈچيۈز ئاتمىش كۈن كۆز ئالدىدا بازغان سوقىدىغان، خۇدايىمنىڭ مۇشۇ مۆمىن بەندىسىگە يېتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مامۇتنىڭ رىشتى خوتۇن — بالىغا مەھكەم چىگىلىپ قالغاچقا بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىش خىيالىغىمۇ كەلمەيتتى. ئەگەر تاسادىپىي ۋەقە يۈز بېرىپ قالمىغان بولسا، بۇ ئائىلىنىڭ تۇرمۇشى ئاشۇنداق داۋاملىشىۋەرگەن بولاتتى. بىز ئۆتكەندە مامۇتنىڭ دوقمۇشتىكى سەپەر دوغچىنى سانىخاننىڭ ئىشىكى ئالدىدا تازا دومبالىغاننىڭ ئۈستىگە چۈشكەن ئىدۇق. بىر كۈنى ئاشۇ دوغچى ئەتەي كىردىمۇ ياكى ئەكەلگەن ئىشى مۇھىممۇ، ئىشقىلىپ ئۇ دوغ ئېتىدىغان بىر چۆمۈچنىڭ سېپىنى بېكىتىپ بېرىشنى ئېيتىپ بۇ ھويلىغا كىرىپ كەلدى. داۋۇتكام ئۇنىڭ كونىراپ، ئۇپراپ كەتكەن چۆمۈچىنى تاشلىۋېتىپ، ئوبدان چۆمۈچتىن بىرنى سوقۇپ بەردى. ئۇنىڭ بەدىلىگە دوغچى تومۇز ئىسسىقتا، مۇزلىرى ئۇششاق چوقۇلۇپ، قېتىقلىرى قويۇق قىلىپ ئېتىلگەن بىر كورا دوغ بىلەن ئۇستامغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى. ئۆيدىكىلەر، ھەتتا ئاشخانىدىكى سانىخانمۇ بۇ مۇزدەك دوغدىن ھۇزۇرلىنىشتى. پېشانىلىرى تەرلەپ، يۈزلىرى كۆبجۈپ كەتكەن مامۇتلا بۇ دوغدىن بىر يۇتۇممۇ ئىچمەي ھويلىنىڭ قەيىرىگىدۇر بىر يېرىگە قارىغىنىچە قاڭقىيىپ تۇراتتى. كەچلىك تاماق ۋاقتى بولدى، لېكىن تەلۋە ئورنىدىن چىقاي دې-

مەيتتى . ناماز شامغا ئەزان چىقتى . مەرەمنىساخاننىڭ دۈشكۈشلەشلىرى بىلەن تەلۋە ئورىدىن ئاران چىقتى . تەرەت ئېلىپ جايناماز غا يۈكۈندى ، باشقىلار سەجدىگە باش قويدى ، ئۇمۇ سەجدە قىلدى ، ھەممىسى جايناماز دىن باش كۆتۈرگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ بېشىنى كۆتۈرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى . باشقىلار ئۇنىڭ ئەلپازىغا قاراپ بىر نەرسە دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىدى . شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ ئىككى يېرىم ياشلىق بۇدرۇق ئوغلى تاي-تاڭلاپ كېلىپ پاختىدەك يۇمشاق قولى بىلەن ئۇنىڭ دۈمبىسىگە بىرنى ئۇرۇپ :

— كوپە — كوپ ، تەيۋە ... — دېدى .

تەلۋە ئورنىدىن چاچراپ قوپقىنىچە بازغاندەك مۇشتۇمى بىلەن بالىنى بىرنى قويدى . بالا چىررىدە بىر چىرقىرىغان بار ، ئۇنى ئىچگە چۈشۈپ تېلىقىپ كۆكىرىپ كەتتى .

شۇ چاغدا سانىخان بىر قولىدا بالىسىنى پەپىلەپ تۇرۇپ تەلۋىگە جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى :

— ۋاي ساراڭ ، بالىنى ئۆلتۈردۈڭغۇ ، ۋاي بالام قانداق قىلارمەن .

بالىسى تۇغۇلۇپ شۇ كۈنگىچە بىر تەستەك سىلىپ باقمىغان ، ھەر كۈنى ئىشتىن بىكار بولۇپ بالىسىنى بىر تۆگىنىتاتاڭ ئېتىۋالسا بالا ئۇخلاپ بېشى گىلدىڭلاپ قالسىمۇ يەلكىسىدىن چۈشۈرمەيدىغان تەلۋە بالىنىڭ شۇ تاپتىكى ھالىغا قاراپمۇ قويمىدى .

— سېنىڭ بالاڭمۇ نېمىشقا مېنى ئۇرىدىكەن ، ھەر كىشى ئۆز جانلا ، — دېدى تەلۋە غۇدۇراپ .

بالا كەپتەرنىڭ باچكىسىدەك بۇقۇلداپ خېلىدىن كېيىن پەس بولدى . « ئىت ئۇرغۇچىغا ئامراق » دېگەندەك بالا يەنە بۇ سۆرۈن تەلەتكە بوغماق قوللىرىنى ئۇزىتىپ :

— مېنى ھاپاپ ① ئېتە ، مېنى كۆتىيە ، — دەپ تەلمۈردى . لېكىن تەلۋە ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي يۇلتۇزسىز ئاسمانغا ھۇددى يۇلتۇز كېزەر

① ھاپاش ئېتە دېمەكچى بولسا كېرەك

مۇنەججىملەردەك تىكىلىپ تۇرۇۋەردى .

× × ×

سەپەر دوغچىنىڭ ھېلى ساپلىقى ئاجراپ كەتسە ، ھېلى قېتىق
ئۇيۇتىدىغان جاۋۇرنىڭ تېگى تېشىلىپ قالاتتى . ئۇ ئاشۇنداق كونا لاقا ـ
لۇقىلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ، داۋۇت تۆمۈرچى بىلەن پاراڭلاشقان بولۇپ
قۇرۇق گەپ ساتىدىغان ، بەز مارىغان مۇشۇكتەك ئولتۇرىدىغان
بولۇۋالدى . مامۇت بولسا دوغچى ھويلىدىن يوقالمىغۇچە بازغىنىنى تۇتقى-
نىچە مىختەك تۇراتتى .

مامۇت باشقىلارغا قەھىرلىك ، سۇرلۇك كۆرۈنگىنى بىلەن
خوتۇنىنىڭ قېشىدا ياۋىشىپ قالاتتى . ئۇلار ھېچقاچان جېدەللىشىپ باق-
مىغان ئىدى . قولۇم ـ قوشنا ۋە ئۆيدىكىلەر بۇ ئىشقا ھەيران ئىدى .
سەپەر دوغچىنىڭ ئاخىرقى كېلىشى مامۇتنىڭ سەۋر قاچىسىنى تاشتۇرۇ-
ۋەتتى ئەتىمالىم . بىر كۈنى ئۇ ئورەكتىن چاچراپ چىقىپ دوغچىنى
خۇددى سا چۇجىنى قاماللىغاندەك پۇرلاي تۇرۇپ ، ھويلىدىن تالاغا ئە-
چىقىپ جىغىۋەتتى ۋە قەھرى بىلەن :

ـــ يو ... يوقال ، بۇ ... بوسۇغىغا دەسسىگۈچى بولما ... ـــ دەپ
يولۋاستەك ھۆر كىرىدى .

سانىخان قورقۇپ كەتكىنىدىن ئاشخانىغا كىرىپ ئىشىكنى ئىچىد-
دىن ئېتىۋالدى ـ دە ، كەچكىچە چىقماي ئولتۇردى . مامۇتمۇ مېھمانخانا
ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى تاقىۋالغىنىچە قايتىپ چىقمىدى . ئەتىسى ئەتىگەندە
ئىككى چېلەكنى كۆتۈرۈپ ، بالىنى يېتىلەپ سۇغا چىقىپ كەتكەن سانى-
خان بالىسىنى قوشنىلارنىڭكىدە ، چېلەكنى كۆل بېشىدا ئۇنتۇغىنىچە
نەگىدۇر يوقالدى . سەپەرمۇ دوغچىلىق سايمانلىرىنى كىمگىدۇر ئېلىشىغا
سېتىۋېتىپ ، سانىخان يوقالغان كۈندىن بېرى قارىسىنى كۆرسەتمىدى .
خەقنىڭ ئاغزىدا « سانىخان سەپەر بىلەن قېچىپ كېتىپتۇ » دېگەن پاراڭ
تارقالدى .

شۇ ۋەقەدىن كېيىن مامۇت تېخىمۇ جىمغۇر بولۇپ كەتتى. گاھىدا بالىسىغا قاراپ سائەت - سائەتلەپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئۇ بالىسىغا قولىنى ئۇزاتسا بالا بىچارە ئۇنىڭ چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، ياۋا كالىدەك تۇرقىدىن قورقۇپ چىرقىراپ، چوڭ ئانىسىنىڭ كەينىگە ئۆ- تۈۋالاتتى.

مامۇت جانسىز، خۇنۇك كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ، ئورەكتە تۇرۇپ يەنە بۇرۇنقىدەك بازغان سوقىدىغان بولدى.

ئەمدى ئۇنىڭ بۇرۇنقى قىزغىنلىقى نەگىدۇر يوقالغان، ئاش - تاماقتىنمۇ قالغان ئىدى. تۇرۇپ - تۇرۇپ تۇتقىقى تۇتىدىغان، پۇت - قوللىرى كىرىشىپ قالىدىغان، يەرنى قاساپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭغا بىچارە ئانا - ئانىسىنىڭ ئىچى بەك سىيرىلاتتى. ئۇلار ئۇنىڭ چېكىلىرىنى ئۇۋۇلايتتى، تاياقتەك قېتىپ قالغان پۇت - قوللىرىنى تۇتۇپ چىقاتتى. بىر قېتىم ئۇ تىلىنى چايناپ زېدە قىلىۋەتكەندىن كېيىن، تۇت- قاقلىقى تۇتسىلا ئانا - ئانىسى ياغاچ قوشۇقنى ئاغزىغا چىشلىتىپ قويىدىغان بولدى. ئەمدى ئۆيدىكىلەر ئۇنى يالغۇز قويۇشتىن قورقىدىغان، تالاغىمۇ چىقمايدىغان بولۇشتى. قېلىن قار ياغقان بىر قىش كۈنىسى ئۇجمە شاخلىرىنى قار بېسىپ كەتكىنىگە قارىماي تەلۋە ئۇجمە شېخىغا چىقىۋالدى. بىچارە ئانا ئۇنى ئالداپ ئاران پەسكە چۈشۈردى. شۇندىن كېيىن ئۇجمىنىمۇ كېسىپ تاشلاشتى. ئەمدى ئۇجمىسىز ھويلا چۆلدەرەپ قالدى.

مامۇت تۇتقاقلىق كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ قالغاندىن كېيىن داۋۇت تۆمۈرچىمۇ قورقۇپ بازغانىنىڭ يېنىغا كەلمەس بولدى. قىش - ياز ئوتى ئۆچمەيدىغان تۆمۈرچىلىك ئوچىقىنىڭ ئوتىمۇ ئۆچۈپ قالدى.

بىر كۈنى داۋۇت تۆمۈرچىنىڭ ھويلىسىدا كۆتۈرۈلگەن قاتتىق يىغا - زارىدىن مەھەللە لەرزىگە كەلدى. داۋۇت تۆمۈرچى مەرەمنساخان ۋە ئۇلارنىڭ ئىككى ئوغلى بەللىرىگە ئاق باغلاپ ھازا ئېچىشقان ئىدى. مە- رەمنساخان يىغلاۋېرىپ ھوشىدىن كەتتى. خەقلەرنىڭ دېيىشىچە، مامۇت

مېھمانخانىدا يالغۇز ياتقان ئىكەن، يېرىم كېچىدە ئۇشتۇمتۇت تۇتقاق كېسەللىكى قوزغىلىپ بېشى يوتقانغا پۈركىلىپ قېلىپ ئۆلۈپ قاپتۇمىش.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئائىلىنىڭ ئىگىلىكى گويا تۈۋرۈكى غۇلىغان ئۆيدەك گۈمۈرۈلۈپ چۈشتى. ساۋۇت ئويۇنچى بىلەن ئاۋۇت سويمىلار ماموت مۆرىمەسىنىڭ ئورنىنى باسالمىدى. داۋۇت تۆمۈرچىگىمۇ بىردىنلا قېرىلىق يەتكەندەك بولدى. دەسلەپتە ئۇ ئورغاق، بولقا، تاقا قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ سېتىپ يۈردى. لېكىن بۇنىڭ پايدىسى يوق ھېسابتا بولغاچقا، كېيىن ئۇنىمۇ تاشلاپ ناسۋال چېكىپ يېنىغا تۈكۈرۈپ ياتىدىغان بولدى.

مەرەمنىساخان بۈۋىلىك قىلىپ، ئايەت ئوقۇپ، ئۆلۈكلەرنى كېپەنلەپ تاپقان ئاز - تولا ئاش - تاماق، پۇل - پۈچەكلەر بىلەن بۇ ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ئاشقازىنىنى ئەستەرلەپ يۈردى. كېيىن ئۇمۇ ئاغرىپ قېلىپ تۈزۈك ياتمايلا ئۆلۈپ كەتتى. ئارقىدىن بوۋايمۇ كۆز يۇمدى. ئىككى ئوغۇل قالغان - قاتقان نەرسىلەرنى ئۈلەشتى. ساۋۇت ئويۇنچى توخسۇن دەمدۇ، نەگىدۇر بىر يەرگە كېتىپ يوقالدى. ئاۋۇت سويما ئاكىسىنىڭ ئوغلىنى بېقىش ئۈچۈن باشقا تۆمۈرچىلەرنىڭ ئوچىقى ئالدىدا كۆيەك باسىدىغان بولدى.

ئانام ئېيتقاندەك، بۇ ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى ماموت ئاخۇن بولۇپ، بارلىق بەرىكەت شۇنىڭ بىلەن كەتكەن ئىدى. كونىلارنىڭ ئېيتىشىچە، بىر ئائىلىدە بارلىق خىسلەت بىر ئادەمگە باغلىق بولارمىش. شۇ ئادەم يوقالسا ئائىلىدىكى ئامەت - بەرىكەت بىللە يىتەرمىش. ئويلاپ كۆرسەم شۇ گەپ راست ئوخشايدۇ.

1990 - يىل

# كېسەللىك تارىخى

بىر نەچچە كۈندىن بېرى ئوقۇغۇچىلارنى ئالىي مەكتەپكە تاللاش ئىمتىھان قەغەزلىرىنى تەكشۈرۈپ بەك چارچاپ كەتكەچكىمۇ بېشىم ئاغ-رىپ ھېچ ئارام بەرمىدى، بۈگۈن قولۇم سەل ئارا بولۇپ قالدى. مۇشۇ پۇرسەتتە دوختۇرغا كۆرۈنۈۋالماقچى بولدۇم.

دوختۇرخانىغا بېرىپ ئىچكى كېسەللەر بۆلۈمىگە نومۇر ئالدىم، بۆلۈمنىڭ ئالدىدا ئادەم كۆپ ئىدى. كارىدوردىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقلاردا كىشىلەر قىستىلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. قارىسام، كىشىلەر قولىدىكى كېسەل-لىك تارىخى دەپتىرى بىلەن نومۇرنى ئىشىكنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ئاق خالاتلىق ئاۋاق ئايالغا تاپشۇرۇپ بېرىپ ئۆزلىرى نۆۋەت ساقلىش-ىپ تۇرۇشاتتى.

مەنمۇ قولۇمدىكى نومۇر بىلەن كېسەللىك تارىخى دەپتىرىمنى ھېلىقى ئايالغا تاپشۇرۇپ بېرىپ نۆۋىتىمنى كۈتۈپ تامغا يۆلىنىپ تۇردۇم. «19 - نومۇر» — دەپ ۋارقىرىدى بىر كەمدە. مېنىڭ نومۇرۇم 19 ئىدى، مەن ھېلىقى ئاۋاق ئايالدىن قەغەزلىرىمنى ئېلىپ كېسەل كۆرۈش بۆلۈمىگە كىردىم. دوختۇر قولۇمدىكى نومۇرنى ئېلىپ ئۈستەل ئۈستىدىكى مىخقا سانجىپ قويۇپ كېسەللىك تارىخى دەپتىرىنى ۋاراقلىدى، لاتىن ۋە خەنزۇ يېزىقىدىكى خەتلەرنى ئوقۇۋېتىپ ماڭا ئە-جەبلەنگەندەك ۋە بىر نەرسىدىن خەۋپسىرىگەندەك نەزەر تاشلىدى، تۆت ئەتراپىغا بىرەرسىنى ئىزدىگەندەك قاراپ قويۇپ ئورۇندۇقنى سەل كەي-نىگە سۈرۈپ قويدى، بۆلۈمدە ئىككىمىزدىن باشقا ئادەم يوق ئىدى، ئۇ مەندىن سوئال سوراشقا باشلىدى.

— قانچە ياشقا كىردىڭىز؟

— 25 ياشقا

— قەيەردە ئىشلەيسىز ؟
— 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە .
— يەنىلا ئىشلەۋاتامسىز ؟
— ھە ...
— نېمە ئىش قىلىسىز ؟
مەن چاقچاق بىلەن جاۋاب بەردىم :
— دۆۋە - دۆۋە قەغەزلەرنى يەپ ، سىيا كىكىرىپ ...
گېپىم تامىقىمغا تىقىلىپ قالدى ، دوختۇر چاچراپ ئورنىدىن تۇردى - دە ، ئىچكىرىدىكى ئۆيگە قاراپ ۋارقىرىدى :
— ھەي ، قايسىڭلار بار ، بۇياققا كېلىڭلار ...
ئىچكىرىكى ئۆيدىن ئىككى سېستىرا چىقتى .
دوختۇر ئۇلارغا قاراپ قولىنى بېشى ئۈستىدە ئايلاندۇرۇپ بىر نېمىلەرنى ئىشارەت قىلدى . ئۇلارمۇ ماڭا ئەجەبلىنىش ۋە ئېھتىيات ئارىلاش نەزەر تاشلىشىپ مىدىرلىماي تۇرۇشتى . دوختۇر كۆڭلى سەل ئارامىغا چۈشكەندەك بولۇپ گەپ سوراشنى داۋاملاشتۇردى :
— بېشىڭىز ئاغرىمدۇ ؟
— ھەئە ، ئىككى چېكەم ، گەجگەم قوشۇلۇپ ...
— كېسەللىك باشلانغىنىغا قانچە ئۇزاق بولدى ؟
— بىر - ئىككى كۈن بولدى ، ھېلىقى قەغەز دۆۋىسى ...
— بولدى قىلىڭ
مەن ھەيران بولدۇم ، بۇ چاغقىچە ھېچكىم ماڭا مۇنداق مۇئامىلىدە بولۇپ باقمىغان ئىدى .
دوختۇر قەغەزگە نېمىلەرنىدۇر يازدى . ئۇشتۇمتۇت يۈرىكىم ئاغدى ، مەندە بىرەر خەۋىپلىك كېسەللىك بايقالغانمىدۇ - يا ؟ كۆڭلۈمنى ئەندىشە چۇلغىۋالدى ، مەن دوختۇردىن ئەيمىنىپ سورىدىم :
— دوختۇر مېنىڭ كېسەللىكىم ...
— نېرۋا كېسەللىكى .

مەن چۆچۈپ كەتتىم ، بايىقى ئىككى سېسترامۇ ماڭا قورققاندەك نەزەر تاشلىدى ، بىر مىنۇتچە ئاغزىم گەپكە كەلمىدى ، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمىدىم .

— نېمىدەۋاتىسىز دوختۇر ، — دېدىممەن ساراسىمە ئىچىدە ئۇ-نىڭغا ئۆز ئەھۋالىمنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىپ ، — مەن بىر مەكتەپتە 50 بالىنى ئاغزىمغا قارىتىپ دەرس ئۆتۈپ يۈرگەن مۇئەللىممەن .

— شۇنداق ، شۇنداق ، مەستىلەرنىڭ ھەممىسى « مەن ھاراق ئىچمىدىم » دەيدۇ .

قايسىبىر چەت ئەل يازغۇچىسىنىڭ بىر ئەسىرىنى ئوقۇغان ئىدىم ، ئۇنىڭدا ساپساقلا ئادەمنى ساراڭ دەپ گۇمانلىنىپ ، كۈنلەرنىڭ تەرتىپىنى ئارىلاشتۇرۇپ سوئال سوراپ ئاخىر ساراڭخانىغا ئاپىرىۋېتىدىغان بىر ۋەقە بار ئىدى . ئۆز ۋاقتىدا بۇنى ئوقۇپ ئىشەنمىگەن ۋە يازغۇچىنى يالغانچى دەپ قارىغان ئىدىم ، مانا ئەمدى بۇ ئىش ئۆز بېشىمغا كەلدى . ئۈچ ئادەم ، ساپساق ئۈچ ئادەم ماڭا كوچىغا يالىڭاچ چىقىۋالغان ئادەمگە قارىغاندەك قاراپ تۇرۇپتۇ ، ئۇلارنىڭ مېنىڭ نورمال جاۋابىمدىنمۇ گۇمانلىنىپ تۇر-غانلىقى چىرايىدىن مانا مەن دەپ تۇرىدۇ .

تۇرۇپلا بېشىم قايغاندەك ، كۆزلىرىم تورلاشقاندەك بولدى . دورا قەغىزىنى ئېلىپ ، ئاستا تاشقىرىغا ماڭدىم . ئۇلار قورقۇنچ ، ئېھتىيات ، گۇمان ئارىلاش نەزەرلىرى بىلەن مېنى ئۇزىتىپ قالدى . دورامنى ئېلىپ بولۇپ كېسەللىك تارىخى يېزىلغان دەپتەرنى سومكامغا سېلىۋېتىپ كاللامدا بىردىن ئۇنى ئوقۇپ بېقىش خىيالى پەيدا بولدى . ئۇنىڭدا قەنتلىك سۈيدۈك كېسەللىكى ، مالىخولىيا ۋە يەنە قانداقتۇر كېسەللىكى بار بىر بىمارنىڭ ئەھۋالى يېزىلغان ئىدى . ئۇ ئەرمۇ ، ئايالمۇ ، ئۇيغۇرمۇ ، تا-جىكمۇ ھېچنېمىسى يېزىلمىغان، ھەتتا ئىسمىمۇ يوق ئىدى ، پەقەت كېسەللىك ئەھۋالى ۋە بېرىلگەن دورىلارلا خاتىرىلەنگەن ئىدى .

كۆز ئالدىم ۋاللىدە يورۇپ كەتتى ، بۇ كېسەللىك تارىخى ئەلۋەتتە مېنىڭ ئەمەس ئىدى . مېنىڭكىگە بىر قېتىم زۇكام بولۇپ داۋالانغانلىق

ئەھۋالدىن باشقا ھېچ نەرسە يېزىلمىغان ئىدى.

قارىغاندا ئىشكتە تۇرغان ئاۋاق ئايال دىققەتسىزلىكتىن مېنىڭ نو-مۇرۇمنى باشقا بىرسىنىڭ قەغىزى چاغلاپ دوختۇرغا ئەكىرىپ بەرگەن ئوخشايدۇ.

يەلكەمدىن تاغ ئاغدۇرۇلغاندەك، يۈرىكىمنى سىقىپ تۇرغان ئامبۇر قويۇۋەتكەندەك يېنىكلەپ قالدىم. مەن ئىتتىك مېڭىپ ھېلىقى بۆلۈمگە كىرىپ دوختۇرغا كېسەللىك تارىخى دەپتىرىنى ئۇزاتتىم.

— دوختۇر بۇ مېنىڭ ئەمەس.

دوختۇر مېنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ گەپ - سۆزسىز ئىچكەرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتكىنىچە قايتىپ چىقمىدى. بىر پەستىن كې-يىن بىر سېستىرا چىقىپ ماڭا «نېرۋا كېسەللىرى بۆلۈمگە كۆرۈنۈڭ» دېدى قوپاللىقنا.

مەن ئەمدى بۇ كېسەللىك تارىخى دەپتىرىنىڭ ئۆزۈمنىڭ ئەمەس-لىكىدىن، ھەتتا ئۆزۈمنىڭ نېرۋامنىڭ ساقلىقىدىنمۇ گۇمانلىنىپ قالدىم.

1990 - يىل 5 - ئاي



# تىللا يوپۇرماقلار

كەچكۈز بولۇشىغا قارىماي هاۋا ئىللىق ئىدى، كونا بارغانسېرى قىزىتىشقا باشلىدى. باغنىڭ ئىچىدىكى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى ئالتۇن رەڭدە تاۋلىناتتى. دەرەخلىقتىكى تار يولدا ئېگىزگىنە بىر ئەر بىلەن ئوتتۇرا بوي بىر ئايال ئاستا مېڭىپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى يولنىڭ ئىككى قاسنىقىغا ئۈمىدلىك تىكىلمەكتە ئىدى. باغچىدا ئادەم ئاز بولغىنى بىلەن بىكار ئورۇندۇق يوق ئىدى. ئۇلار باغنى بىر ئايلىنىپ چىققاچقا ھېرىپ قالغان ئىدى. شۇڭا بىرەر يەردە ئولتۇرماقچى بولدى.

بىر چاغدا ئايال باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا — دەل ـ دەرەخلەر ئارىسىدا كونا نۇرى چۈشۈپ تۇرغان يەردە بىر ئورۇندۇقنىڭ بىكار تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئورۇندۇقنىڭ ئاستىدا كىچىك ئورەك بولۇپ لىققىدە سۇ بار ئىدى.

ئايال خىشتىن ئىككىنى ئېلىپ كېلىپ ئورۇندۇقنىڭ ئالدىغا قويدى. ئۇلار خىشقا دەسسەپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشتى. ئايال ئورۇندۇققا گېزىتنى يايدى، تور سومكىدىن كەھرىۋادەك جۇلالىنىپ تۇرغان ئۈزۈملەرنى ئېلىپ گېزىتكە قويدى. خۇرۇم سومكىدىن نان، سامسا قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ، ئېرىنى تەكلىپ قىلدى، ئەر غىزاغا قول كەلتۈرمەستىن، ئوڭ قولى بىلەن سول كۆكرىكىنى سىيلاپ جىم ئولتۇردى.

ئايال ئېرىگە ئەنسىرەپ قارىدى، سومكىسىدىن بىر قۇتىنى ئېلىپ بىر تال تىتروگلىتسېرىننى ① ئالقىنىغا قويۇپ ئېرىگە ئۇزاتتى، ئېرىنىڭ ئىنچىكە بارماقلىرى تىترەپ، دورىنى تۇتالمىدى. ئايال دورىنى ئېرىنىڭ ئاغزىغا سالدى. ئەر دورىنى يەپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ جىم ئولتۇردى. ئا-

---

① تىتروگلىتسېرىن — يۈرەك كېسەللىكلىرى دورىسى

يالمۇ جىمىپ قالدى، ئەمما ئۇ پات - پات «قانداقراق» دېگەن مەنىدە ئېرىگە قارايتتى.

بۇ ئەر - خوتۇنلار بىر - بىرىنى گەپ - سۆزسىز چۈشىنىدىغاندەك قىلاتتى. ئەر 47 — 48 ياشلاردا، ئايال 45 — 46 ياشلاردا كۆرۈنەتتى. ئەرنىڭ ئىككى چېكىسىنى ئاق ئارىلىغان، ئايالنىڭ كۆزلىرىنىڭ چۆرىسىنى ئاز - تولا قورۇق زىننەتلىگەن ئىدى.

بىردەمدىن كېيىن ئەرنىڭ چىرايى ئېچىلدى، ئۇ ئايالىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى ۋە:

— ئۆتۈپ كەتتى، كۆڭلۈم يورۇپ ئاراملىق ھېس قىلدىم، — دېدى.

— خۇداغا شۈكۈر، بالىلىرىمىزنىڭ ۋە مېنىڭ بەختىم، — دېدى ئايال چىرايى ئېچىلىپ. ئايال بايىقىدىن ياشىرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

ئايال ئۈزۈملەرنىڭ چىرايلىقلىرىنى تالالاپ ئېرىگە ئۇزاتتى.

— ئۆزۈڭمۇ يە، — دېدى ئېرى ئۈزۈم يەۋېتىپ. ئايالمۇ بىر ساپاق ئۈزۈمدىن بىر شىڭگىل يېرىپ قولىغا ئالدى.

يولنىڭ ئۇ چېتىدىكى ئورۇندۇقتا بىر جۈپ قىز - يىگىت باشلىرىنى بىر - بىرىگە يېقىن ئەكىلىپ پىچىرلىشىپ ئولتۇراتتى، ئايال ئېرىگە ئۇلارنى ئىشارەت قىلىپ كۈلدى.

ئەر ئۇ تەرەپكە چالا - پۇلا قاراپ قويدى - دە، ئايالىغا قارىدى.

— ئېسىڭدىمۇ؟

— نېمە؟

— بىز ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىغا تەييارلىنىۋاتقاندا مۇشۇ باغدا دەرس تەكرارلىغان ئىدۇق.

— ھەئە

— ئۇ چاغدا سەن ئورۇقچىنا قىز ئىدىڭ، كۆپ ھاللاردا تەڭگە گۈللۈك كۆك كۆڭلەك كىيىۋالاتتىڭ.

ئايال تەڭگە گۈللۈك كۆڭلىكىنى ئېسىگە ئالالمىدى. بىراق بىر

كۇنى تېگى ئاق ، گۇللىرى بېغىررەڭ كۆكلەك كىيىپ يىگىت بىلەن باغقا بارغىنىنى ، يىگىتنىڭ « چاپان كىيىۋال » دەپ ئۇنى ياتاققا كىرگۈزۈۋەتكىنى ، قىز كۆك كاستۇم كىيىپ چىققاندا ، ئۇنىڭ بىر قۇتا ئىپسىل ئەتىرنى قىزغا سوۋغا قىلىپ يانچۇقىغا سېلىپ قويغىنىنى ئېسىگە كەلدى .

— ئېسىڭىزدىمۇ ، — دېدى ئايال يەنە گەپ ئېلىپ ، — دەرس تەكرارلايمىز دەپ پۈتۈن باغچىنى ئايلىنىپ بىكار ئورۇندۇق تاپالماي قالغىنىمىز .

— ھە ، مەجنۇنتالنىڭ شېخىغا چىقىۋېلىپ يوپۇرماقلار ئارىسىدا كەچكىچە ئولتۇرغان ئىدۇق .

ئايالنىڭ ئېسىگە مەجنۇنتالنىڭ شېخىدا ئولتۇرۇپ تومۇچۇق بالدىسىغا يەم بەرگەندەك ئىسسىق نەپەسلىرى تۇنجى قېتىم بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ سۆيۈشكەنلىرى ، كېيىن بىر - بىرىگە قاراشقا يۈزى چىدىماي جىم ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنلىرى چۈشتى .

— بۇ ئىشلارغا 30 يىل بولۇپ قاپتۇ خوتۇن ، ئۇ چاغلاردا سەن تولىمۇ زىلۋا ، چاققان قىز ئىدىڭ .

— سەنچۇ ؟ سەنمۇ قاملاشقان يىگىت ئىدىڭ .

ئىككىسى كۈلۈشۈپ كەتتى . ئاكاتسىيىنىڭ شېخىغا قونۇۋېلىپ بىر - بىرى بىلەن تومشۇق سوقۇشتۇرۇۋاتقان قۇشقاچلار گۈررىدە ئۇچۇپ باشقا شاخقا قوندى .

ئۇلار يۆلىنىپ تۇرغان ئاكاتسىيىنىڭ يوپۇرماقلىرى قىزلارنىڭ قۇلىقىدىكى تىللا ھالقىدەك شىلدىرلاپ يەرگە چۈشەتتى . ئۇلار يەر يۈزى ۋە دەرەخلەردىكى ئالتۇن ياپراقلارغا قاراپ جىم ئولتۇرۇشاتتى . ئۇلارنىڭ نە خىيالغا ئەسىر بولغىنى ، نە ساپ ھاۋادىن ھوزۇرلىنىۋاتقىنىنى بىلىش تەس ئىدى .

كەچ كۈز بولۇشىغا قارىماي كۈن خېلىلا قىزدۇرماقتا ئىدى . ئاكاتسىيەلەرنىڭ ئارىسىدىن چۈشكەن كۈن نۇرى ئەرنىڭ مەيدىسىدە خۇددى ئوردىنىدەك يالتىرايتتى ، ئايالنىڭ چاچلىرى ئالتۇن تارغاق

قىسىۋالغاندەك جەزبىدار كۆرۈنەتتى.

ئىللىق كۈن نۇرى، شىرىن - شەربەت ئۈزۈم لەززىتى، شىرىن خىيال ئۇلارنى ئەسىر قىلدى. ئەر كۆزىنى يۇمۇپ جىم ئولتۇراتتى، ئايال خىيال دەرياسىدا ئۈزەتتى، ھەر ئىككىسىنىڭ چىرايىدا يېقىملىق بىر تەبەسسۇم جىلۋىلىنەتتى.

1991 - يىل 9 - ئاي



# موزدۇز

— ئالغىنىمغا تېخى ئۈچ كۈن بولمىغان ئاياغنىڭ پاشنىسى ئاجراپ كەتتى ئۇستام ، بۇنى ئوبدانراق ياساپ بەرسىلە ، يەنە كېلىپ يۈرمەي .

— پۇلىغا چىداپ ئوبدانراق ئاياغ كىيسىلە بولماتتى خېنىم ، ئاياغ بەستىلىرىنى كۆتۈرەلمەي قالغان - دە .

— ئوھۇش ، نېمانداق گەپچى ئادەم بۇ ، ھازىر موزدۇزلارنىڭ ھەممىسى ساختىپەز بولۇپ كەتتى ، خەقنىڭ پۇلىنى ئېلىشنىلا بىلىدۇ .

— ئاياللارمۇ پاسون قوغلىشىپ قىز باللار كىيىدىغان نېمىلەرنى كىيىۋالغۇچە بەستىگە لايىق ، پاشنىسى پۇختىراق ئاياغ كىيسە بولمامدىكىن .

— يەنە بەستى ، بەستى ... بەستىمنى ئۆزۈم كۆتۈرۈپ يۈرۈۋاتىمەن ، ھېچكىمگە كۆتۈرۈشۈپ بەر دېمىدىم .

— « كۆتۈرۈشۈپ بەر » دېسىلىغۇ كۆتۈرۈشىدىغان ئادەممۇ چىقىپ قالاتتى .

— ۋاي ... تولا گەپ قىلماي ما ئاياغنى ئوڭلىۋەتسىلە ، ئالدىرايمەن .

— ماقۇل خېنىم ، جىندەك تەخىر قىلىپ تۇرسىلا ، مانا ماۋۇ بەندىگە ئولتۇرۇپ تۇرسىلا ، مەن ئاياغنى شاق - شۇقلا ...

× × ×

— تازىمۇ ساختىپەز ئادەمكەنلا ، ئوڭلىغانلىرىغا ئىككى ھەپتىمۇ بولمىدى ، ئاياغنى يەنە ئوڭلاتقىلى كەلدىم .

— يەنە كەلگەنلىرى ئوبدان بوپتۇ ، يەنە كېلىدىغانلىقلىرىنى بى-

لەتتىم .

— ھە ، قەستەنگە ئىشنى مۇشۇنداق چالا قىلدىم دېسىلىچۇ . سىلىمۇ پۇل تاپقىلى ئۇستىكەنلا .

— ئىشقىلىپ كۆنىمىز كېتىپ بارىدۇ خېنىم . ئاچچىقلىرى كەلمىسۇن ، بىردەمدە ئوڭلاپ بولىمەن .

— يەنە ھېلىقىدەك ئادەمنى سوكۇلدىتىپ ئارا كۈندە ئالتە كەلتۈرمەي ، ئوبدانىراق تىكسىلە جۇمۇ .

— ۋاي خېنىم ، كەلسىلىرى نېمە بولاتتى ، پۇتلىرى ئۇپراپ قالامتى .

— بۇ يەرگە تولا قاتراپ تاپىنىم يالپاق بولۇپ كەتتى .

— پۇتلىرىغۇ تازا چىرايلىق ئىكەن . يالىڭاياغ ماڭسىلىمۇ خۇددى پاشىنىسى بار ئاياغ كىيىۋالغاندەك ئىسكەتلىك ، مۇنداق پۇت دېگەن ئاز ئۇچرايدۇ دېسىلە .

— ئوھۇش ، نېمانچە ھەيياراادەم سىلە،پۇتدېگەننىڭمۇئۇنداق - مۇندىقى بولامدىكەن ، تولا سۆزلىمىسىلە ئادەمنى كولدۇرلىتىپ .

— ۋاي تووۋا ، كولدۇرلىتىپ دېگەنلىرى نېمىسى ، سىلىدەك خېنىمنى نېمىشقا كولدۇرلىتاتتىم ، راست دەيمە ، پۇت دېگەننىڭمۇ تۆگە تاپان ، توپلەي تاپان ، ھە ... يەنە ...

— ھا ... ھا ... ما ئادەمنى ، نەدىكى گەپلەرنى قىلىدا ، بولسىلا دەيمە ، ئالدىرايمەن .

— دائىم ئالدىرايمەن ، ئالدىرايمەنلا دەيدىكەنلا ئادەمنى ئالدىرىتىپ ، ئالدىراپ ئۆيلىرىدە ئون بالىلىرى بارمىدى .

— بالام ... بالام ... بار ئىدى .

— ھازىر يانلىرىدا ئەمەسمۇ .

— دادىسىنىڭ قېشىدا .

— دادىسى بىلەن سىلە بىر ئۆيدە ئەمەسمۇ ؟

— ...

— بولدى خېنىم، كۆز يېشى قىلمىسلا، بىكارلا سۆزلەۋېرىپ كۆڭۈللىرىنى مالال قىلىپ قويدۇمغۇ دەيمەن، ھەي، مېنىڭ ئاغزىم.

× × ×

— يەنە كېلىپ قالدىم ئۇستام، بۇ ئاياغمۇ بەك ئوسال چىقتى، سىلىنى ئاۋارە قىلىپ.

— ھېچقىسى يوق خېنىم، بىزنىڭ ھۈنىرىمىز شۇ بولغاندىكىن.

— توۋا دەيمەن، بىر يۈز توقسان سومغا ئالغان ئاياغ بىر قىش يەتمەي ئادەمنى موزدۇزدىن نېرى بارمايدىغان قىلىپ قويسا - زە.

— ئوبدان ئاياغكەن.

— بۇ نېمىدېگەنلىرى، ئوبدان ئاياغ بولغىنى قېنى.

— شۇ ئاياغ بولغاچقا سىلىدەك خېنىمنى ھەپتىدە بىر كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز.

— ۋىيىش ... ما ئادەمنىڭ گېپىنى ... مېنى كۆرۈپ نېمە بوپتىكەن.

— « كۆرسەڭ كۆزگە پايدا » دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، ئەمدى سىلىنى كۆرۈپ بولسىمۇ ...

— ئەسكىلىكىنى ... نېمانداق ئەسكى ئادەم سىلە، ئۆزلىرى نەدىن ؟

— نەدىن بولاتتۇق خېنىم، « بەشتوغراق » دەپ ئاڭلىغانمۇ.

— ئاڭلىمايچۇ، ۋاي توۋا، شۇنچە يىراق يەردىن بۇ يەرگە نېمە بولۇپ كېلىپ قالغان.

— خوتۇن يەرلىك بولۇپ دېسىلە، ئۆزلىرىچۇ ؟

— مەن ئەرنىڭ كەينىدىن كېلىپ ...

— ئەرلىرى نەدە ئىشلەيتتى ؟

— ئۇنىڭ ئىش ئورنىمۇ يوقكەن. « ۋاي تۆمۈر يولدا ئىشلەيمەن، مائاشىم مۇنچە پۇل » دەپ يۈرۈپ گوللاپ ئەچىقىۋېلىپ ئۆيگە سولاپ

قويدى ، ئىتقا تاشلاپ بەرگەندەك نان تاشلاپ بېرىپ تازا قىينىدى .

— ۋاي ئىسىت ، سىلىدەك خېنىمنى ھە .

— مەنىڭغۇ بىر نۆرى ، مۇشتۇمدەك بالا ئىككىيلەن قىشتا سوغۇق ئۆيدە تىترەپ ئولتۇرىمىز ، ئۇ قىمارۋاز نەدە كەچ بولسا شۇ يەردە قونۇپ يۈرىدىغان بىر نېمىكەن .

— ھە ... ھە ...

— بىر بولسا بېيىپ بىر مۇنچە نەرسە - كېرەك ، يەيدىغان - ئىچىدىغاننى ئەكىلىپ تولدۇرۇۋېتىدۇ .

— ھىم ... ھىم ...

— بىر بولسا ئىشكنى بىر تاقاپ قويغانچە نەچچە كۈن يوقىلىدۇ .

— ۋاي ... ئەسكى گۆي .

— مېنىڭ قاغىشىم بىلەن يىغام تۇتتىمۇ نېمە بولدى ، باگاگدا قىمارۋازلار پىچاقلاپ ئۆلتۈرۈۋەتتى .

— تازا يىغلىغانلا .

— يىغلىشىم يىغلىدىم . ئەسكى بولسىمۇ ...

— « ئېيىق بولسىمۇ ئېرىم بولسۇن ، ئۆگكۈر بولسىمۇ ئۆيۈم » دېسىلە .

— شۇ ئەمەسمۇ . نېمە بولسىمۇ بالامنىڭ دادىسى ئەمەسمىدى ، شۇ ئەسكى ئۆلمىسىمۇ ، بالام ھايات قالامتىكى دەيمەن ، ئۇنىڭ كەينىدىن بالام ئاغرىپ قېلىپ ئۆلۈپ كەتتى .

— ئىسىت بالا .

— ئۇ چاغدا مەن بىر تال قىلىسىز ، بىر تىيىنسىز بولغاچقا، بالىنى داۋالىتالماي بالام ئۆلۈپ كەتتى . . . ھۆ ... ھۆ ...

— كۆگۈللىرىنى بۇزمىسىلا خېنىم،تېخى ياشكەنلا، خۇدايىم بېرەر .

× × ×

— ئۇستام كېلىۋېرىپ تويغۇزۇۋېتىدىغان بولدۇم ، خۇيمۇ زېرىك-

تىم بۇ يارىماس ئاياغدىن .
— زېرىككەن بولسىلا ماڭا بېرىۋەتسىلە .
— ۋاي خۇدايىم ، ئەسكى ئاياغنى نېمە قىلالا .
— زېرىككەندە قاراپ ئولتۇرارمەن .
— ۋاي توۋا ، قىزىق ئادەمكەنلا ، نەدىكى گەپنى قىلىپ ...
— راست دېدىلە :
نەدىكى گەپنى قىلىپ ،
ئەندىشىگە قالدى كىشى .
چەككىنى تاماكا يوق ،
مۇڭداشقىنى نەدە كىشى .
— ۋاي ئۇستام ، تېخى ناخشىچىمەن دېسىلە .
— هە ، يالغۇزچىلىقتا گاھىدا زېرىكىپ ئۆزىمىزنى گول قىلىمىز - دە خېنىم .
— چوكانلىرى ئانىسىنىڭكىگە جۇمەلەپ كەتكەنمىدى .
— جۇمەلەپ كەتسىمۇ كېلەتتى ، دادىسىنىڭكىگە كەتكەن دېسىلە .
— دادىسىنىڭكىگە .
— دادىسىدەك بىر قېرىنىڭ يۇلىغا كۆزى قىزىرىپ ئاجراشتى .
— توۋا خۇدايىم ، مۇنداقمۇ خوتۇن كىشى بولىدىكەن .
— « خېتىمنى بەر ئوغرى » دەپ ياقامدا ئـىـلـەنـگـۈچ ئـۇچـۇپ ئاللا - توۋامنى چىقاردى .
— ۋاي خۇدايىم ، بىچارە ئۇستام .
— بىر بالىمىزنى يېتىم قىلمايلى دېسەممۇ ئۇنىمىدى .
— بالىلىرى نەدە .
— يۇرتتا ، ئانامنىڭ قېشىدا ، ئاناممۇ قېرىپ كەتتى .
— ئىسىت بىچارە بالا ، يا ئانا مېھرىنى ، يا دادا خوۋلۇقىنى كۆرمەي تازا قىينىلىپتۇ - دە .
— شـۇنـى دېـسـىـلـە ، ئەكىلىۋالاي دېسەم بويتاق كىشى دېگەننىڭ

كـۈنـى ئىتتىنىڭ كۈنىگە ئوخشايدىكەن . تاپسا يېگەن ، بولمىسا خۇداغا شۈ-
كۈر قىلغان ، بالىنى قىيناپ قويامدىمەنكى دەپ .
— شۇنى دېسىلە ئۇستام . تازا ئۇۋال بوپتۇ بالىغا .
— خېنىـىم ، تـولا گـەپ قىلىپ پۇتلىرىنى توگدۇرۇپ قويدۇمىمۇ
دەيمەن ، مانى كىيىۋالسىلا .
— ۋاي تـوۋا ، نـېمـانـداق چـىرايلىق ئۆتۈك بۇ ، پۇتۇمغا ئوبدان
كەلدىغۇ ، خۇددى ئۆلچەپ تىككەندەك .
— ھەئە ئۆلچىگەندەك ، ئۆزلىرى 37 - ئاياغ كىيىلا ئەمەسمۇ .
— نەدە يۈرۈپ پۇتۇمنىڭ رازمېرىنى بىلىۋالغاندۇ ما ... ئادەم .
— بىر قاراپلا ... ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاتاپ تىككەنتىم دېسىلە .
— ھە ، كىمگە .
— ئەمـدى شۇ ... قېـنـى كـىـيـىـپ مـېـگىـپ باقسىلا . پۇتلىرىنى
قىستامدىكى .
— ياق ... شۇنداق ، ھۇزۇر ... پاشنىسى يـا ئـېـگـىـز ئـەمـەس ،
يا پەس ...
— سىلىگە يارىغانلا بولسا بولدىغۇ .
— ھە ... يـارىماي ، ماۋۇ سېغىزخان تۇمشۇقتىن خۇيمۇ قۇتۇلدى-
غان بولدۇم ، پۇلى نەچچە بۇنىڭ .
— پۇلىنى سورىماي كىيىۋەرسىلە .
— يـاق ئەمـدى ، سـىـلـىمۇ ئوقەت قىلىدىغان ئادەم ، يېنىمدا بارى
مۇشۇ ئىككى يۈز كويكەن ، قالغىنىنى ئەتە ئالغاچ كېلەي ئۇستام .
— ياق ئاۋارە بولمىسىلا .
— ۋاي نېمىشقا .
— ئەتـە ئۆيـلىرىگە بىر - ئىككى كىشى بېرىپ قالسا ھەيدەپ چى-
قارمايدىغانلا .
— ھە ، نېمىدەپ ...
— قـائـىـدە بـويىچە « ئۆزلىرىنىڭ بىر قىزلىرى چوك بولۇپتىكەن ،

بىزنىڭ بىر ئوغلىمىز ... » دەپ .
ــ ھا ... ھا ... ھا .... ما ئوغۇلنى ، مېنىڭ قىزىم چوڭ بولمىدى تېخى .
ــ بىر چىرايلىق چوڭ بولۇپتۇ مانا ، يېگەن - ئىچكەندەك ، سوقا سەندەلدەك ، بەستىمۇ ئۆزىگە ياراشقان .
ــ ھا ... ھا ... ھا ... بەستى ، بەستى دەۋېرىپ ...
ــ ئۆزى بەكمۇ قاملاشقان .
ــ ۋاي ، ئۇستام ، ئۇ ئىككىلەن مېنىڭ ئۆيۈمنى نەدىن تاپالىسۇن .
ــ نېمىشقا تاپالمىسۇن خېنىم ، سىلىنىڭ ئۆيلىرى مەغرىپ تەرەپتىكى تىنچلىق يول 69 - قورۇدا .

1988 - يىل

# سەھەردە كۆرگەن چۈش

ئايال ئۇزاق يىل چەت جايدا ئىشلەپ پېنسىيىگە چىقتى ـ دە، بۇ يىل شەھەرگە قايتىپ كەلدى. بىر كۈنى ئۇ بۇ شەھەرنىڭ دەرەخزارلىق چوڭ كوچىسىدا، ۋېلىسىپىتكە تايانغىنىچە ئۆزىگە سەپسىلىپ تۇرغان بىر ئەر كىشىنى كۆرۈپ دەملاتى ئىرەن قىلمىدى، لېكىن ئۇنىڭ قوشۇما قېشى بىلەن قارا كۆزلىرى كىمنىدۇر ئېسىگە سالغاندا پۈتۈن ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى.

× × ×

سەھەردە كۆرگەن چۈش، بۇندىن 30 يىل بۇرۇنقى بىر سەھەردە كۆرگەن چۈشى ئۇنىڭ ئېسىگە ئەينەن كەلدى. ئۇ ئۆمرىدە نۇرغۇن ـ نۇرغۇن چۈشلەرنى كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئېسىدە يوق ئىدى.

بۇ چۈشمۇ ئادەتتىكىچە بولۇپ، ھەمىشە كۆرۈپ تۇرىدىغان چۈشلەردىن پەرقسىز ئىدى. بىراق مۇشۇ چۈشلا ئۇنىڭ تەقدىرىدىن بىشارەت بەرگەندەك بولدى. ئۇ بۇ چۈشنىڭ مەڭگۈلۈك خاتىرە بولۇپ قېلىشىنى نەدىن بىلسۇن.

× × ×

ئۇ ئۇچىسىدىكى ئاق خالات ۋە جىگگىل چاچلىرىنى بىسىپ تۇرغان باشنىكىنى ئېلىپ ئىشكاپقا تىقتى. سۆسۈن رەڭ قاتلاق يوپكا ـ كوپتىسى ئۇنىڭ ئاق ئالمىدەك چىرايلىق ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ، ئاجايىپ جەزبىدار كۆرسەتتى. ئۇ پارقىراق سومكىسىنى بىلىكىگە ئېسىپ

ئىشتىن قايتىشقا تەمشىلۋاتقاندا ئىشخانىغا كىرگەن بىرسى ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ قويدى . بۇ كىشى ئاق يۈزلۈك ، قوشۇما قاشلىق ، قارا كۆزلىرى خۇيمۇ ياراشقان 26 ياش چامىسىدىكى يىگىت بولۇپ ، مۇشۇ بۆلۈمنىڭ ۋراچى ئىدى .

قىزنىڭ خىزمەتكە قاتناشقىنىغا ئۈچ ئاي بولدى . يىگىتنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئىچ ـ پەش تارتىشىپ يۈرگىنىگىمۇ ئۈچ ئاي بولۇپ قالدى . « بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قېلىش » دېگەن شۇ بولسا كېرەك . قىز ھەر خىل رەسمىيەت ۋە باشقا لازىملىقلىرىنى كۆتۈرۈپ دوختۇرخانىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ كىرىشىگىلا مۇشۇ ياش دوختۇرغا يولۇققان ، بۇ يىگىتنىڭ ھەمراھلىقىدا رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپ ، دوختۇرخانىنىڭ ئىچكى بۆلۈمىگە ئورۇنلاشقان ئىدى . ئۇلار شۇ كۈندىن باشلاپ خۇددى كونا تونۇشلاردەك ئىجىل ـ ئىتتىپاق ئۆتتۈشتى . كەچلىرى تانسا ، كىنولارغا بىللە بارىدىغان بولۇشتى .

ئۇزۇن قۇلاق سېسترا ئاياللارنىڭ دېيىشلىرىچە توي مۇشۇ كۈزدە بولارمىش .

بۈگۈن قۇربان ھېيت ھارپىسى ئىدى . يىگىت بىلەن قىز ئىچكى بۆلۈمنىڭ كارىدورىدىن بىللە چىقىشتى . دەرەخزارلىق يولدا كېتىۋېتىپ يىگىت قىزنىڭ يۇمران قوللىرىغا بىر نەرسىنى تۇتقازدى . قىز ئۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەكچى بولۇپ دەررۇ ئالقىنىنى ئاچتى .

— بۇ نېمە ؟ — دېدى قىز چۆچۈپ .

— مومامدىن قالغان تەۋەررۈك ئىدى ، سىزگە ... سىزنىڭ ھېيتىڭىزنى مۇبارەكلەپ !...

— ھېيت ئەتىغۇ

— ھە ، بۈگۈن نامازدىگەردىن باشلاپ ھېيتقا تەۋە ئەمەسمۇ گۆھىرىم .

قىز شەلپەردەك قىزاردى . قولىدىكى ئۈزۈكنى قۇتىسىغا سېلىپ سومكىسىنىڭ ئىچ يانچۇقىغا يوشۇردى .

— ئەتە ئەتىگەن سائەت توققۇزدا شەھەر مەركىزىدىكى گۈللۈكتە
ساقلايمەن، شۇ يەرگە كېلىڭ - ھە.
— نېمىش قىلىمىز.
— بىزنىڭكىگە بارىمىز، ھېيت پەتىسى قىلىپ...
قىز يىگىتنىڭ ھامان بىر كۈنى مۇشۇنداق تەكلىپ قىلىدىغانلى-
قىنى. ئۆزىنىڭ ئاخىرى مۇشۇ شەھەردە داڭدار ئاشۇ ئائىلىنىڭ ئادىمى
بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىسا سۈر بېسىپ كېتەتتى. شۇڭائۇ، بۇ كەمگىچە
يىگىتنىڭ تەكلىپلىرىنى مانا، ئەنە دەپ كەينىگە سۈرۈپ كېلىۋاتا-
تتى. «ئاخباراتچى سېستىرا» ئاياللارنىڭ گېپىچە، بۇ ئائىلە قەدىمدىن
كاتتا باي سانالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى، ھەم مۇقىم ۋە
كۆچمە مۈلۈك، ھەم ھوقۇق ئىگىلىگەن كاتتا كىشىلەرمىش. گەرچە ھازىر
ئۇلارنىڭ باي، ھوقۇقدار ئاتىسىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە يېرىم ئەسىر
بولۇپ، ئۇنىڭ ئاكا، ئىنى، ئىگىچى - سىڭىللىرىنىڭ ئىگىلىكى تۈگەپ
قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ قالغان بولسىمۇ، شەھەردىكى خان
جەمەتلىرىدىن ئۆيلۈك ئوچاقلىق بولۇشقان، مۇشۇ شەھەردىكى ئالىي تە-
بىقە كىشىلىرى سانالغانمىش. يىگىت ئاشۇ بۇزۇرۇكۋار خانىنىڭ نەۋرە
قىزىنىڭ ئوغلىمىش.

يىگىتنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، بولۇپمۇ ئانىسى ئوغۇل - قىز-
لىرى، ھەتتا نەۋرىلىرىنى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىشتا چوقۇم قۇدا -
باجا بولغۇچىنىڭ نەسەبىنى سۈرۈشتۈرەتتى (مالۇ دۇنياسىدىن ئايرىلىپ،
قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ كەتكىنىگە قارىماي). قىز مانا مۇشۇ ئىشتىن
قورقاتتى.

قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى خان جەمەتى بولمىغىنى بىلەن نامرات
كىشىلەردىنمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئىنىسى تەر تۆكۈش بەدىلىگە تۇر-
مۇشىنى بېيىتقان، بالىلىرىنى ئالىي مەلۇماتقا ئىگە قىلغان، ھال - كۈنى
ناچارلارغا ياردەم بېرىپ، يۇرتتا «ھۆسەن سېخىي» دەپ نام ئالغان
كىشى ئىدى.

— بارمسام نېمە بولىدۇ ، — دېدى قىز تارتىنغاندەك قىزىرىپ .
— ھېيت ئەمەسمۇ ، پەتە قىلىسىز . ئاتامنىڭمۇ سىزنى بىر كۆرگۈسى بار . ئاندىن مەن سىزنىڭكىگە ، بولغۇسى قېيىن ئاتامنىڭكىگە بارىمەن .
قىز ئىزا تارتىپ ئۇن چىقارماي مېڭىۋەردى .
— شۇنداق بولسۇن - ھە ، — دېدى يىگىت دوختۇرخانا دەرۋازىسىدا توختاپ .
قىز بېشىنى ئىرغاتتى .

× × ×

بۈگۈن بۇ قەدىمىي شەھەر مەركىزىدىكى جامە پەشتاقلىرىدا ناغرا - سۇنايلار چېلىنىپ قۇتلۇق ھېيت كۈنىدىن بىشارە بەرمەكتە ئىدى . ھېيتگاھتا ساما قىزىپ كەتتى . قىز بىلەن يىگىت بىردەم سامانى تاماشا قىلىشتى . قىز توق قىزىل سارجىدىن كاستيۇم - يوپكا ، قىزىل خۇرۇم ئاياغ كىيىۋالغان بولۇپ ، بەئەينى قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىگە ئوخشاپ قالغان ئىدى . يىگىت كۆل رەڭ سارجىدىن شىم - كاستيۇم كىيگەن ئىدى . ئۇ گەرچە ساقال - بۇرۇتىنى قىرغان بولسىمۇ ، لېكىن مەڭزى ۋە ئېڭەكلىرى كۆكۈش تاۋلىنىپ ، قىرانىغا يەتكەن يىگىتلىكىدىن نىشانە كۆرسىتىپ تۇراتتى .
بۇ ئىككىيلەن خۇيمۇ پەرلەشكەن ئىدى . ئۇلار شەھەرنىڭ مەشرىق تەرىپىدىكى بىر كوچىغا كىردى . بۇ يەر « جانان كوچىسى » دەپ ئاتىلاتتى . قايسى جانانىنىڭ نامىغا قويۇلغان ئىسىم ئىدىكىن ، قەدەمدە بىر دەرۋازا ئۇچرايتتى . كىشىلەر دالانلاردا ھېيت ئالدىراشلىقى ، قوي سويۇش ۋە باشقا ئىشلار بىلەن بەنت ئىدى . قىز بىلەن يىگىت نۇرغۇن چوڭ - كىچىك دەرۋازا ۋە ئەگىمىلەردىن ئۆتۈپ چوڭ بىر دەرۋازا ئالدىغا كەلدى . خۇددى ئورۇق قويغا ياراشمىغان يوغان مۈڭگۈزدەك بۇ تار كوچىغا ماسلاشمىغان بۇ يوغان دەرۋازا تولىمۇ سۇرلۇك ئىدى .

قىز دەرۋازا ئالدىدا بىردەم ئەيمىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، يىگىتنىڭ زورلىشى بىلەن هويلىغا ئاران كىردى.

هويلىغا چاسا خىشلار ياتقۇزۇلغان، ئىككى ـ ئۈچ يەردە گۈللۈك، گۈللۈكلەردە ئەتىر. رەيھانگۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن، پېشايۋاننىڭ چۆرىسىدىكى گۈل تەشتەكلىرىدە قىممەت باهالىق قىشلىق گۈللەر جۇلالاپ تۇرغان ئىدى. قىزنىڭ مەيلىنى رەڭدار قەپەسلەردىكى تورغاي، تومۇچۇق، شاتۇتىلار تارتتى. قىز ئېسىنى يىغقاندا يىگىت قايسىدۇر بىر ئۆيگە كىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي تەمترەپ قالدى.

شۇ ئەسنادا خان ئەتلەس كۆڭلەك، دۇخاۋا كەمزۇل، ئېگىز پاشنا تۇپلىي كىيگەن بىر خېنىم بىلەك، بويۇنلىرىدىكى ئالتۇن زۇننار، ئالتۇن بىلەيزۈك، بارماقلىرىدىكى تىللا ئۈزۈكلىرىنى چاقنىتىپ چىقىپ كەلدى. خېنىم قويۇق سۈرمە تارتىلغان كۆزلىرى بىلەن سىخىي نەزىرىنى قىزغا ئاغدۇردى، دەمدەك ئوسما قويۇلغان قاشلىرىنى يىلاندەك مىدىرلىتىپ تىنچلىق سورىدى. قىزنى ئۆيگە باشلىدى.

قىز تاشقارقى هويلا، ئىچكەركى هويلا، ئارا هويلىلاردىكى چوڭ كىچىك، ئوتتۇرانچى خېنىملار، هامما خېنىملار، خانئاچا، خان قىزلار بىلەن كۆرۈشتى، ئاندىن چوڭ مېھمانخانا ئۆيگە سېلىنغان داستىخانغا باشلىنىپ خان ئانىنىڭ ھەمراھلىقىدا داستىخانغا ئېلتىپات قىلدى.

خان ئانا ئابلىكىمنىڭ ئانىسى بولۇپ، 60 ياشتىن ئاشقىنىغا قارىماي 45 ياشلاردا كۆرۈنەتتى، ئۈچسىدىكى دۇخاۋا كەمزۇل، خان ئەتلەس كۆڭلەك، قەمرۇت روماللىرى، ئالتۇن جابدۇقلىرىنىڭ پۈزۈرلۇقى بىلەن بايا قىزغا روبىرو بولغان ياش خېنىمدىن قېلىشمايتتى. خان ئانا ناهايىتى سۆلكەتلىك ئىدى.

داستىخاندا ساڭزا، قۇيماق، سامسا، سامبۇسىلاردىن تارتىپ ئالما، مۇرابىا، بادام، پىستە، كۆك يېمىش، چىلان، ھەتتا ھەرەمنىڭ خوملىرىغىچە تېپىلاتتى.

خان ئانا قىزغا تىكىلەتتى، ئۇنىڭ ھۆسنى ـ جامالىدىن

نىمىنىدۇر ئىزدەيتتى. قىز بالىغاياغ قوقاس كەچكەندەك بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى، بۇ ئازدەك تار يوپكىسى بىلەن يۈكۈنۈپ ئولتۇرالماي قىينىلاتتى.

خان ئانا قىزنىڭ جامالىدىن قۇسۇر تاپالمىغاندىن كېيىن، قىزدىن ئاسماقچىلاپ سوئال سوراشقا چۈشتى.

— قىزىم، سىز قەيەردىن، كىمنىڭ بالىسى ؟

— ئۆيىمىز « ئۆستەڭ بويى » دا، دادامنى خەقلەر « ھۆسەن سېخىي » دەيدۇ.

— ھە، بىلدىم قىزىم، دادىڭىز بىر زامانلاردا پۇل كەچكەن ئادەم، ھىم، پۇل دېگەن ئۇچۇرما قۇش، ئۇنى ئوبدان تۇتمىسا قولدا تۇرمايدۇ، ئەگەر ھۆسەن ئاخۇن پۇلنى دوست تۇتقان بولسا ئالتۇندىن بوسۇغا ياساتقان، نەچچە يەردە قەسىر سالغان بولاتتى. نەدىكى يېتىم - يېسىر، قەلەندەرلەرنى يۆلەيمەن دەپ دەسمايىسىنىمۇ سېلىپ بەرگەن ئۇ ئادەم.

دەسلەپتە قىز « دادامنىڭ ئەھۋالىنى ئەجەب پىششىق بىلىدىكەنغۇ، بىكار قورقۇپتىمەن، ياراتمامدىكىن دەپ ئويلاپتىمەن » دېگەن خىياللارنى قىلدى. كېيىن خان ئانىنىڭ ئۇنىڭ دادىسىنى ئاۋۋال ئاسمانغا ئەچىقىپ ئارقىدىنلا يەرگە تاشلىغانلىقىنى ھېس قىلغىنىدا خان ئانا سۆھبەتنىمۇ يىغىشتۇرۇپ قىزنى ھاكاۋۇر كېلىن ئاغىچىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇپ چىقىپ كەتكەن ئىدى. قىز يا بىر يۇتۇم چاي ئىچەلمىدى، يا بىرەر تال قەنتنى تۇتۇپ باقمىدى، « ئەمدى ئىشىم سۇغا چىلاشتى » دەپ ئەندىشە، ئۈمىدسىزلىك گىردابىغا بېرىپ قالدى. ئابلىكىم قىزنى خېنىملارنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇپ نەگىدۇر يوقالغان ئىدى. « ئەرلەر ئاياللارغا روبىرو بولماسلىق » نىڭ بۇ ئائىلىنىڭ قائىدىسى ئىكەنلىكىنى قىز نەدىن بىلسۇن، ئابلىكىمنى ئىزدەپ قىزنىڭ كۆزلىرى تۆت بولدى.

ھېيت پەتىسى ئاياغلاشتى. ئاتىكاچا كېلىن ئاغىچا قىزنى مېھمانخانىنىڭ پەلەمپەيگىچە ئۇزىتىپ چىقتى، ئۇنىڭ نېرىسىغا بولسا مۆشۈ ئۆينىڭ كەمبەغەل تۇغقىنىمىكىن ياكى خىزمەتكارىمىكىن ئوتتۇراھال كىيىنگەن بىر ئايال ئۇزىتىپ قويدى. قىز تار كوچىغا چىقىپ قاياققا

مېڭىشنى بىلەلمەي تەمترەپ تۇرۇپ قالدى. كېيىن بىر كىچىك بالىنىڭ، بۇ كوچىنىڭ ئۈمۈچۈكنىڭ پۇتلىرىدەك ئىجىر - مىجىر بۇرۇلۇشلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپ ئۇنىڭغا بىر سوم پۇل بەردى - دە، يول باشلاتقۇزدى.

قىزنى يىغا تۇتتى. ئۇ سەھەردە كۆرگەن چۈشنى ئەسلىدى. چۈشىدە بىلىيارت كۆزلۈك ئۇزۈكنىڭ كۆزى ئاجراپ توپىغا چۈشۈپ كېتىپ ئۇنى تاپالمىغان ئىدى. قىز چۈشىدىن يىغلاپ ئۆكسۈپ ئويغىنىپ كەتكەن ئىدى. هازىرمۇ ئۇ ئۆمچىيىپ يىغلىۋەتتى. خۇداغا شۈكۈر، ئۇنىڭ يۈرەك يىغىسىنى بۇ قاراڭغۇ كوچىدا هېچكىم سەزمىدى. قىزنىڭ كۆڭلى ئىشنىڭ مۇشۇنداق بولۇشىنى باشتىلا تۇيغان ئىدى. لېكىن هېسسىيات بەڭباشلىق قىلىپ قىزنى ئىشق تورىغا ئىلىندۇرۇپ قويغان ئىدى. قىز بايىقى سۇرلۇك قورۇدىن چىقىۋېتىپ قەپەستىكى شاتۇتىغا ئاخىرقى قېتىم قارىۋالغان ئىدى. شاتۇتى قەپەستىن قويۇپ بېرىلسىمۇ زىنداندەك بۇ هويلىدىن قانداق چىقىشنى بىلەلمەي ئەتراپقا بىچارىلەرچە نەزەر تاشلايتتى.

بۇ چاغدا سۆلەتلىك يىگىت ئانىسىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قىزنىڭ ئائىلە نەسەبنامىسىنى ئاڭلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ روهى گويا ۋۇجۇدىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندەك بېشى بارغانسېرى يەرگە ئېگىشەتتى.

قىز چوڭ كوچىغا چىقىپ بۇ تار كوچىغا ئاخىرقى قېتىم قارىدى. قەپەستىكى شاتۇتىنى يەنە بىر رەت كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ كەڭ كوچىغا چىققاندىن كېيىن يۈرىكى سەل ئارام تاپتى. بەهۇزۇر نەپەس ئالدى. ئاندىن چوڭ كوچىنى بويلاپ ئۆيىگە قايتتى، يىگىت قىزغا ئۇنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئاران يېتىشىۋالدى. قىز گۈل ئىشلەنگەن قول ياغلىقىغا ئورالغان بىر تۈگۈنچەكنى يىگىتنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپلا هويلىسىغا كىرىپ كەتتى.

يىگىت بىر جۈپ قىزىلگۈل كەشتىلەنگەن قول ياغلىقنى ئاچتى، ياغلىقتا تۈنۈگۈن ئۆزى قىزغا بەرگەن بىلىيارت كۆزلۈك ئۇزۈك تۇراتتى.

1996 - يىل 4 - ئاي

# پەرق

مەن يازنىڭ بېشىدا تۇغقان يوقلاپ يۇرتۇمغا باردىم. مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى ئاڭلاپ دوست - يارەن ۋە ساۋاقداشلىرىم كۆرۈشكىلى كېلىشتى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلاشما مېھماندارچىلىقلار باشلىنىپ كەتتى.

ھاۋا ئوچۇق بىر ئەتىگىنى يۈزلىرى ئانارنىڭ دانىسىدەك قىزىل، كۆزلىرى قاپقارا ۋە يوغان، قاشلىرى كاماندەك ئېگىلگەن چىرايلىق بىر قىزچاق ئىشىكتىن كىرىپ «ئانام سىلىنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ باغاق ئەۋەتتى» دەپ، بىر باغاقنى بېرىپلا چىقىپ كەتتى. بۇ كىمنىڭ قىزى بولغىيدى؟ مەن باغاقنى ئاچتىم. ئۇنى ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقداش دوستۇم پاتىگۈل ئەۋەتىپتۇ! ھەر قانداق ئىشىم بولسىمۇ تاشلاپ ئۇ يەرگە بېرىشىم لازىم ئىدى، چۈنكى بىز بالا ۋاقتىمىزدىن باشلاپ دوست - دە.

مەن پاتىگۈلنىڭكىگە ماڭدىم، ئۇلارنىڭ ئۆيى باغچا كوچىدا ئىدى. ھەممە نەرسىنىڭ ئىككى تەرىپى بولغاندەك، بۇ قاراڭغۇ كوچىلار-نىڭ بىر ياخشى يېرى، كۈندۈزى ئاپتاپ چۈشمىگەچكە، چىڭقى چۈشتىمۇ سايە ۋە سالقىن بولىدىغان ئەۋزەللىكى بار. مەن تەرلەپ، ھاسىراپ كېلىۋېتىپ بۇ كوچىغا كىرگەندە بىردىنلا سەگىپ قالدىم، پاتىگۈلنىڭ قىزى خالتا كوچىنىڭ ئاغزىدا ساقلاپ تۇرغان ئىكەن، ئۇ مېنى ھويلىسىغا باشلاپ كىردى.

بۇ كوچىدا ئاجايىپ ھويلىلار بار، ھەر قانداق بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرگەن كىشى گويا بىر كىچىك باغچىغا كىرىپ قالغاندەك بولىدۇ...

كىچىكلىكتىكى دوستۇم، ساۋاقدىشىم پاتىگۈلنىڭ بۇ ھويلىسىنىڭ سەيناسىغا تۆت چاسا پىششىق خىشلار ياتقۇزۇلۇپ، سەينانىڭ ئوتتۇرىسىغا

چاققانغىنا گۈللۈك چىقىرىلغان، گۈللۈككە نامازشام گۈلى، ھەشقىپىچەك، رەيھان ۋە ئەتىر گۈللەر تېرىلغان، شىپاڭ بويلىتىپ تال سېلىنغان ئىدى. ھويلىنى ھەر خىل گۈللەرنىڭ خۇش پۇرىقى قاپلىغان ئىدى.

— ئانا، مېھمىنىڭنى باشلاپ كەلدىم!...

ئاپئاق يەشتاما تارتىۋالغان، ئىككى مەگزى قىزىللىقىنى تېخى يوقاتمىغان، بويىغا يەتكەن قىردەك جىلۋىگەر پاتىگۈل ئاشخانىدىن چىقىپ كەلدى، ئۇنىڭ شىپىڭ كۆكلىكىگە پاتماي قالغان كۆكرىكى قويغان ئۆپكىدەك لىغىرلاپ تۇراتتى. ئىككىمىز قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق، تىنچلىق - ئامانلىق سوراشتۇق.

— قايسى ئۆيگە باشلاي، — دېدى ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈپ، — سىلە دېگەن چوڭ شەھەردىن كەلگەن مەدەنىي كىشىلەر، ھەر قاچان سافادا ئولتۇرمساڭلا پۇتلىرىڭلار قولۇشۇپ قالىدىغۇ - ھە؟

— دۇخاۋا كۆرپىلىرىڭنى ئاياپ قالاي دەۋاتامسەن - يە، — دېدىم مەنمۇ چېقىشىپ.

— ۋاي! قېنى مەرھەمەت، — دېدى ئۇ مېنى سولدىكى ئۆيگە باشلاۋېتىپ، — دۇخاۋا كۆرپىلەر سەندىن ئايلانسۇن، قېنى تۆرگە چىقىقىن، يۆكۈنۈپ ئولتۇرالمايسەن، پۇتلىرىڭنى سۇنۇپ ئازادە ئولتۇر. سېنى قىستىلمىسۇن، تازا ئوبدان مۇگدىشىپ ئالايلى دەپ ئۆزۈڭنىلا چاقىردىم. قانداق؟

تالا ئىسسىق بولغىنى بىلەن ئۆيلەر سالقىن ئىدى. دېرىزىگە تارتىلغان قېلىن دۇخاۋا پەردىلەر ئۆينى قاراڭغۇلاشتۇرۇپ تۇراتتى. تۇرلۇك نازۇ نېمەتلەر بىلەن چاي قۇيۇلدى. چايدىن كېيىن مېۋىلەر، ئاندىن كېيىن قىيمىلىق ئۆگرە كەلدى. چاچتەك كېسىلگەن ئۆگرە چۆپى ساھىبخانىنىڭ ئاشپەزلىك ماھارىتىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. ئارىدىن ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەي زىرىلىرى گۈپۈلدەپ پۇراپ، تىترەپ تۇرغان پىتىر مانتا كەلتۈرۈلدى. ئۆگرە تېخى بايىلا ئىچىلگەچكە گېلىمدىن مانتا ئۆتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. پاتىگۈلنىڭ زورلاشلىرى ۋە سىركە،

لازىلارنىڭ خۇش پۇرىقى بىلەن مانتىدىنمۇ بىر ـ ئىككىنى يېدىم.
شۇ ئەسنادا مەن، پەگاھتا ھازىر بولۇپ ماڭا سالام بېرىپ تۇرغان ياشانغان بىر ئەركىشىنى كۆرۈپ چاچراپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئۇنىڭ قارا كۆزلىرى چوڭقۇرلۇقنىڭ ئىچىدە پارقىرايتتى. يۇزۇنلىرى قىڭراقتەك ئىنچىكە، ئىككى قوۋۇزى ئولتۇرىشاڭغۇ ئىدى. مەن ئۇنى كۆرۈپ قولۇمنى كۆكسۈمگە ئېلىپ ئەدەب بىلەن سالام بەردىم ۋە يۇقىرىغا تەكلىپ قىلدىم.
— سەن بىلەن كۆرۈشكىلى كىرگەن، ئولتۇرمايدۇ، ھە ... تونۇمايۋاتامسەن، تۇرغۇن ئاكاڭ ئەمەسمۇ. ھە، بۇياق دوستۇم زۆھرەگۈل، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغلاردا بىزنىڭكىگە كۆپ كېلەتتىڭغۇ، — دېدى پاتىگۈل بايىقى ئەركىشىگە قاراپ.
— ھە ـ ھە، ئېسىمگە كەلدى، تىنچ ـ ئامان تۇرىۋاتامسىز، — دەپ تىنچلىق سورىدى ئۇ كىشى، — ھەر قايسىلىرى ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋالا، مەن چىقىپ باللارغا قارىشاي. ئۇ كىشىگە قاراپ كۆڭلۈم بۆلەكچىلا بولۇپ قالدى. ئۇ شۇنچىلىك ئۆزگىرىپ كەتكەن ئىدىكى، مەن پەقەتلا تونۇيالماپتىمەن، ئۇنى كۆرۈپ يىگىرمە نەچچە يىللار ئالدىدىكى ئىشلار يادىمغا يەتتى.
1954 ـ يىللىرى بولسا كېرەك، بىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتاتتۇق. ئۇ چاغلاردا ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىش ھەرىكەتلىرى ئەۋجىگە چىققان بولۇپ، ئوقۇيمەن دېگەنلا كىشىنى يېشىنى سۈرۈشتۈرمەي مەكتەپكە ئېلىۋېرەتتى. شۇڭا سىنىپلاردا ئون ياشلىق باللارمۇ، 18 ياشلىق توي قىلغان چوكانلارمۇ ئارىلىشىپ ئوقۇۋېرەتتى. ھەتتا بەزى خۇراپىي ئائىلىلەرنىڭ قىز ـ چوكانلىرى مەكتەپكە غىجىم رومال ئارتىپ كېلىپ، سىنىپقا كىرگەندىن كېيىن روملىنى ئېلىپ ئولتۇراتتى. ئوقۇغۇچى قىزلار ئىچىدىمۇ توي قىلىدىغانلار چىقىپ تۇراتتى، ئۇلار بىر نەچچە كۈنگىچە توي قىلغىنىنى يوشۇرۇن تۇتاتتى، كېيىن بەرىبىر ئاشكارا بولاتتى. مۇئەللىملەر ئۇلارنى ئاز ـ تولا ئەيىبلەپ قوياتتى ـ يۇ، باشقا چارە قىلالمايتتى. ئۇلارغا قاتتىق گەپ قىلغان ھامان ئاتا ـ ئانى

لىرى باللىرىنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالىمەن دەپ قورقۇتاتتى .

ئۇ چاغلاردا ھەربىيلەرنىڭ مائاش تەمىناتى ئۈستۈنمىدىكىن ياكى قەددى - قامىتى كېلىشكەن، كىيىم - كېچەكلىرى نوچىمىدىكىن، ئوقۇغۇچى قىزلار ھەربىيلەرگە توي قىلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن ئىدى. مىللىي ئارمىيىنىڭ ئاتلىق پولكى بۇ شەھەر ئەتراپىدا تۇرىدىغان بولغاچقا، شەنبە بولسىلا مەكتەپنىڭ رىشاتكىلىرىغا ئاتلىق قوشۇننىڭ ساغرىسىدا تامغىسى بار سېمىز ئاتلىرى باغلىنىپ كېتەتتى. گىمناستۇركا، گىلەپە شىملىرى ياراشقان ھەربىي يىگىتلەر تاماكا چېكىپ پاراڭلاشقاچ، مەشۇقلىرىنى ياكى ياش چوكانلىرىنى ساقلاپ تۇرۇشاتتى.

كىمنى كىم ئىلىندۇرۇپ ئالغىنىنى بىلمىدىم، ئىشقىلىپ پاتىگۈلمۇ قەددى - قامىتى كېلىشكەن، قىرىق ياشلارغا تاقاپ قالغان، كىيىملىرى پۇزۇر بۇ كوماندىر يىگىتكە ئوتتەك كۆيۈپ قالغان ئىدى. ئۇمۇ ئۆزىنىڭ شېرىن سۆزلىرى، ئاجايىپ يالقۇنلۇق خەتلىرى بىلەن بۇ نادان قىزچاقنى كۆيدۈرۈپ، ئۆچۈرۈپ ھالىنى قويمايتتى. ئاخىرى داغدۇغا بىلەن تەنتەنىلىك توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. تويغا نۇرغۇن ھەربىيلەر قاتناشتى. ئۇيغۇرچە، تاتارچە ۋە رۇسچە گۇپاك ئۇسسۇللىرى بىلەن چاك چىقىرىۋېتىشتى.

قىرىق ياشلىق بۇ يىگىت تولا ۋاقىتلاردا خىزمەت بىلەن سىرتتا يۈرىدىغان بولغاچقا، قىزغا ئاتا - ئانىسىنىڭ مۇشۇ قورۇسىدا ئۆي تۇتۇپ بەردى. يىگىت پات - پات كېلىپ، بىر - ئىككى كۈن تۇرۇپ كېتەتتى. ھەر كەلگىنىدە ئاجايىپ چىرايلىق ئاياغ، پايپاق، ھالقىلار، يىپەك رەخت، ئۈزۈك، بىلەيزۈك دېگەندەك قىزلار ئامراق نەرسىلەرنى ئەكىلىپ كۆمۈۋېتەتتى. پاتىگۈلمۇ قورچاقتەك ياسىنىپ مەكتەپتە قىزلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىراتتى. بۇ يەردىكى ئوقۇش پۈتتى. مەن ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا كەتتىم. بۇ ھەربىي ئادەم پاتىگۈلنى بېيجىڭدا ئالتە يىل ئوقۇتتى، پاتىگۈل ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن ئۇلار قەشقەردە ئۆي تۇتتى. شۇندىن كېيىن ئۇلار باللىق بولۇشتى ...

يىللارنىڭ بوران - چاپقۇن، ئىسسىق - سوغۇقلىرى گىرانىت تاشلىق تاغلارنىمۇ قۇم قىلىۋېتەلەيدۇ. بۇ قامەتلىك كېلىشكەن كوماندىرنىمۇ يىللار قېرىتىپ، مۈكچەيتىپ، 65 — 70 ياشلىق بوۋايغا ئايلاندۇرغان ئىدى.

مەن ھېسسىياتچان بولسام كېرەك، توي كۈنى دېۋىدەك يىگىتنىڭ يېنىدا تۇرغان، نوتىدەك جانسىز پاتىگۈلنى كۆرۈپ يۈرىكىم قانداق ئېچىشقان بولسا، ئەمدى پاقلاندەك سېمىز، ھۆسنىگە ۋە كۈچىگە تولغان چوكاننىڭ ئالدىدا تۇرغان قورايدەك ئىنچىكە بوۋاينى كۆرۈپ يۈرىكىم يەنە ئېچىشتى. بۇ قېتىم كىمگە ئىچىم ئاغرىغىنىنى ئۆزۈممۇ بىلەلمىدىم. كەچ كىرىپ قالغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە پاراڭلىرىمىز تۈگىمىگەچكە، پاتىگۈل مېنى قوندۇرۇپ قالدى. سالقىندا، پېشايۋاندا ياتتۇق. گۈللەرنىڭ خۇش پۇرىقى بېشىمنى ئايلاندۇردى، پاتلا ئۇخلاپ قاپتىمەن. سەھەردە بىرسىنىڭ يۆتىلىدىن ئويغىنىپ كەتتىم. قارىسام تۇرغۇن ئاكا ھويلىلارنى سۈپۈرۈپ، گۈللەرگە سۇ سېپىپ يۈرۈپتۇ. ئۇ ئۆيگە كىرىپ كەتكەندە، يوتقاندىن چىقىپ كىيىملىرىمنى كىيىۋالاي دەپ ئويغانمىغان كىشى بولۇپ يېتىۋالدىم، ئۇ ئاشخانىغا كىرىپ كەتكەندە دەررۇ كىيىنىۋالدىم ۋە پاتىگۈلنى ئويغاتتىم. ئۇ:

— ئۇخلىغىنا، مۇنچە سەھەردە تۇرۇپ نېمە بوپتۇ، — دەپلا قۇلۇلە قېپىغا كىرگەندەك يوتقىنىغا يۆگىلىپ يېتىۋالدى. مەن ئۇخلىيالمىدىم، تۇرۇپ كەتتىم. يۈزۈمنى يۇدۇم، گۈلزارلىقنى ئارىلاپ گۈلنىڭ تۈۋىدە ئولتۇردۇم. بىر چاغدا تۇرغۇن ئاكا ئاشخانىدىن چىقىپ كەلدى. ئۇ ئالدىغا پەشتاما تارتقان بولۇپ، قولىدا پەتنۇس ۋە چەينەك كۆتۈرگەن ئىدى. مەن پاتىگۈلنى تۈرتتۈم، ئۇ ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن قوپتى، ئورۇنلارنى يىغدى، يۈز - كۆزىنى يۇدى، داستىخان سالدى ۋە چازانى قۇرۇپ ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشكە تەييارلاندى. ئاڭغۇچە تۇرغۇن ئاكا قىزلىرىنى ئويغاتتى، ئۇلارمۇ ئەسنىشىپ، كېرىلىشىپ، يۈز، قوللىرىنى يۇيۇشۇپ داستىخانغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. تۇرغۇن ئاكام بىزگە

قاراپ:
— ئەتىگەن سۈت ـ قايماق بازىرىغا بارسام، قايمىقى تۈگەپ كېتىپتۇ، قۇرۇق سۈت چاي قىلىپ قويدۇم، بىر نەچچە تۇخۇم ئەكېلەي، — دەپ ئاشخانىغا ماڭدى. مەن قوشۇمامنى تۈرۈپ پاتىگۈلگە قوپۇشنى ئىشارەت قىلدىم، ئۇ ماڭا:
— قويساڭچۇ، پېنسىيىگە چىقتى، ئەتىدىن كەچكىچە بىكار، مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىپ ئۆزىنى مەلىكە قىلىدۇ، مەيلى ئەمەسمۇ، — دېدى.
مېنىڭ كۆڭلۈم غەش بولۇپ كەتتى. «تووۋا خۇدايىم، ئىككى خوتۇن ۋە ئالتە قىز كۆزلىرىمىزنى پارقىرىتىپ ئولتۇرۇپ بىر ئەر كىشىنى ئىشلەتسەك تاماق گېلىمىزدىن قانداق ئۆتەر؟ پاتىگۈلغۇ بۇ ئىشقا كۆنۈك ئوخشايدۇ، ئەمما مۇنۇ ئولتۇرغان ئالتە قىزنىڭ تەۋرەپمۇ قويمىغىنىنى» دېگەن ئويلار كۆڭلۈمدىن كەچتى. شۇ ئارىدا تۇرغۇن ئاكا پىياز بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئوخشىتىپ قورۇلغان يوغان ئىككى تەخسە تۇخۇم ئېلىپ كەلدى ـ دە، قىزلارغا قاراپ:
— چوكا ئېلىپ كەلگىنە قىزىم، — دېدى.
قىزلارنىڭ بىر ـ بىرسىنى بۇيرۇغىنىنى كۆرۈپ، ئاخىرى چوكىنىمۇ ئۆزى ماڭدى. كېتىۋېتىپ چوڭ قىزىغا «قاچامغا نان چىلاپ قويە، يۇمشاپ تۇرسۇن» دەپ تاپىلاپ ماڭدى. شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ چىشلىرىغا سەپسالدىم، ئۇنىڭ چىشلىرى چۈشۈپ، ئاغزى ماكىلداپ قالغان ئىدى. ئۇ چوكىلارنى ئەكەلگۈچە ياخوتۇنى، يا قىزلىرىنىڭ ئۇ- نىڭغا نان چىلاشنى ئېسىگە كەلتۈرمىگىنىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم.
تۇرغۇن ئاكا كېلىپ داستىخاننىڭ بىر چېتىدىن ئورۇن ئالدى ۋە چىنىسىنىڭ تېخىچە بوش تۇرغىنىنى كۆرۈپ:
— قىزىم، نان چىلاپ قويماپسەنغۇ؟ — دېدى. پاتىگۈل دەررۇ جاۋاب بەردى:
— نان ئۇنچىۋالا قاتتىق ئەمەسقۇ، ھە دېسىلا نان چىلا، نان

چىلا دەپ ... خەقنىڭ قانچىلىك يەيدىغانلىقىنى خەخ بىلەمتىكى ...

مېنىڭ كۆزۈم بوۋاينىڭ چوكا تۇتقان قوللىرىغا چۈشتى. ماڭا ئۇنىڭ قوللىرى تىترەۋاتقاندەك تۇيۇلدىمۇ ياكى راستىن تىترىدىمۇ، بۇنىسى ئېنىق ئەمەس. جىمجىتلىق ھەممىنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى. مېنىڭ گېلىم غىققىدە بولدى. مەن چوكىنى قويدۇم، يۈرىكىمنى نىمدۇر بىر نېمە ئېزەتتى. تەسلىكتە چاي داستىخىنىنى يىغىشتۇردۇق. مەن پاتىگۈلنىڭ «كەچلەپ كەت» دەپ تۇتۇپ ئالغىنىغا، تۇرغۇن ئاكىنىڭ كۆڭۈلچەكلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ، پاتىگۈلنىڭ گېپىنى تەكرارلىغىنىغا قارىماي خوشلىشىپ چىقىپ كەتتىم. كېتىۋېتىپ كۆز ئالدىمغا بۇنىڭدىن 20 نەچچە يىل بۇرۇنقى قامەتلىك ياش كوماندىرنى كەلتۈرمەكچى بولدۇم، ھەر قانچە قىلساممۇ، 65 ياشلىق بوۋاي كېلىۋالاتتى ...

1985 - يىل، قەشقەر

# خەير ـ خوش تۇنجى مۇھەببەت

تەھرىرلىك قىلىۋاتقىنىمغا بىر قانچە يىل بولۇپ قالدى. ئىش ئۈستىلىمگە ھەر كۈنى قانچە ـ قانچە ئەسەرلەر كېلىدۇ. ھەر خىل سەۋىيىدىكى ئاپتورلار ئىجاد قىلغان بۇ ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىمۇ ئوخشاش ئەمەس ئىدى.

تۈنۈگۈن بىر قىز ئىشخانامغا ئەيمەنگەن ھالدا كىردى. تۇرقىدىن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا ئوخشايدىغان بۇ قىزچاقنىڭ تەھرىر بۆلۈمىگە تۇنجى كېلىشى ئىدى. ئۇ شەلپەردەك قىزارغىنىچە:

— بۇ بىر سىنىڭ ھاۋالىسى ئىدى، — دېدى بىر خاتىرىنى ماڭا سۇنۇپ، يەرگە قارىغىنىچە.

— ئىسمىڭىز ...؟

— رەنا ... — دېدى ئۇ تارتىنغان ھالدا ۋە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

خاتىرىنىڭ ۋاراقلىرى سارغىيىپ كەتكەن ئىدى. قىلىۋاتقان ئىشىمنى جايىدا قويۇپ بۇ خاتىرىنى ۋاراقلىدىم. قوۋۇرغىلىرى كىچىك ـ كىچىك، ئەمما ئىملاسى توغرا يېزىلغان خەت شەكلى قىز بالىنىڭ پۇچۇر كىسىغا ئوخشايتتى. خاتىرىنىڭ باش ـ ئاخىرىدا بىرەر-سىنىڭ ئىسىم ـ ئاتىسى ياكى ئادرېسى كۆرۈنمەيتتى. بىر ـ ئىككى بەت ئوقۇپ ئۆزۈمچە قىزىقىپ قالدىم. ھېچ نېمىدىن تولا بۇ خاتىرىدىكى ياش قەلب ئىگىسىنىڭ مۇڭلۇق ساداسى مېنى ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋالدى.

× × ×

ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى، مەھەللىمىزنىڭ مەغرىب تەرىپىدىكى قورۇغا نوقتۇز بالىسى بار بىر قېرى ئىشچى كۆچۈپ

كەلدى . كەم ئۇچرايدىغان بۇ يېڭىلىقا مەھەللىدىكى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممە ھەيران قېلىپ ، ئىشىك ئالدىغا چىقىشىپ ، يېڭى قوشنىنىڭ لاقا - لۇقىلىرىنى ئۆيگە توشۇشلىرىغا قاراپ تۇرۇشتى . ئۇلار شۇ كۉنلىرى نەرسە - كېرەكلىرىنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بولدى . ئەمدى ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن كۉنلۉكى توققۇز - ئون ئادەم ئىشقا ، مەكتەپكە ماڭاتتى . ئۆيدە پەقەت مومايلا قالاتتى .

مەن مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەھەللىمىزدە ، مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ۋە ئوقۇمايدىغان دوستلىرىم بىلەن ياز كۉنلىرى توپ - تاشتەرمەك ، قىش كۉنلىرى جىجىق ئوينايتتۇق . بىر كۉنى ئاداشلىرىم بىلەن تاشتەرمەك ئويناۋاتاتتىم ، تۇساتتىنلا ۋېلىسىپىتنىڭ قوڭغۇراق ئاۋازى ئاڭلاندى . بىز ئويۇنىمىزنى پەرۋاسىز ئويناۋەردۇق .

— مەن ئۆتۈۋالسام بولامدۇ قىزلار ؟

بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىدىم . كۆز ئالدىمىزدا قارا كۆك سارجىدىن شىم ، ھاۋارەڭ يېپەك رەختتىن كۆڭلەك كىيگەن ، ئاق يۉزلۉك ، قارا قاش ، 24 — 25 ياش چامىسىدىكى بىر يىگىت بىزگە قاراپ تۇراتتى . تاشتەرمەك ئويناپ ئولتۇرغان ئالتە - يەتتە قىز ئورنىمىزدىن چاچراپ قوپقاچقا توپا توزۇپ كەتتى . نېمشقىدۇر ھېلىقى يىگىت ماڭا كۉلۉمسىرەپ بىردەم قاراپ تۇردى ( بەلكىم ماڭا شۇنداق تۇيۇلغاندۇ ) - دە ، ۋېلىسىپىتنى دەس كۆتۉرۉپ ھويلىسىغا كىرىپ كەتتى . بۉگۉن بىز ئاشۇ يىگىتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تاشتەرمەك ئوينىغان ئىكەنمىز . ئۉستىبېشى پاكىز ، رەتلىك ، ئۆزى قاملاشقان بۇ يىگىتنىڭ سۉرلۉك قىياپىتىدىنمۇ ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ بىلمەيمەن ، ئۆمرۉمدە تۉنجى قېتىم ئۆز تەقى - تۇرقۇمدىن ئىزا تارتىپ كەتتىم. شۇئان يۉگۉرۉپ ئۆيگە كىرىپ كەتتىم - دە، تۆردىكى تاش ئەينەككە قارىدىم . ئانام ھەر قانچە يېلىملاپ تارىسىمۇ تۉزلەنمەيدىغان جىڭگىلەك چاچلىرىم چېكەمگە چاپلىشىپ كېتىپتۇ ، ئۉستۉمدىكى ئالدى ھاۋارەڭ ، كەينى ئەت رەڭ تاۋاردىن تىكىلگەن جىلىتكەم ، قىزىل دۇردۇندىن تىكىلگەن كۆكرەك پۉرمە كۆڭلىكىم ، ماي-

سارەك تاۋار تامبىلىم توپا - تۇمانغا پېتىپ كېتىپتۇ، ھەتتا قايرىلما كىرپىك ۋە ئارىسى كەڭرەك كەلگەن قاشلىرىمۇ توپا - تۇمان ئاسارد-ندە قالغان ئىدى.

— قاچانمۇ چوڭ بولارسەن؟ — دېدى ئانام ئۇششاق ئۆرۈلگەن چاچلىرىمدىكى توپا - چاڭنى لۆڭگە بىلەن سۈرتكەچ، — قىز بالا دې-گەن پاكىز يۈرۈيدىغان، خەپ! تاشتەرمەكلىرىڭنى ئوچاققا سېلىپ كۆيدۈرۈۋەتمىسەم... ئەتىگەن كىيدۈرگەن ئىگىنىڭ تازا يېرىمۇ قالماپتۇ.

— تۈنۈگۈن ئەتىگەن كىيگەن، — دېدىمەن تۇمشۇقۇمنى ئۇچلاپ.

— بالام، چوڭ بولۇپ قالدىڭ، بۇ يىل بۇغداي پىششىقىدا 15 كە كىرىسەن، — دېدى ئانام چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — بىزنى سەندەك چاغدا ئاللىقاچان ئەرگە بېرىۋەتكەن. سەن ئويناپ يۈرىسەن.

— ئاللا خۇدايىم، 15 كە كىرگەن قىز بالىنىمۇ ئەرگە بېرەمدۇ؟ ئۇنداق بولسا، ئۇ ئېرى بىلەن بىللە بېرىپ مەكتەپتە ئوقۇيامدۇ؟

— ۋاي نادان قىزىم، — دېدى ئانام كۈلكىدىن كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، — ئۇ چاغدا ئوقۇش دېگەن نەدە. تۇماق بىلەن بىرنى قويسا يىقىلمىسىلا ئەرگە بەرسە بولىدۇ، دەيدىغان.

— مەن دېگەن تۇماق بىلەن ئىككىنى قويسىمۇ يىقىلمايمەن، ھەتتا مەكتەپتە پۇتبول توپى بىلەن ئۇرسىمۇ يىقىلمىدىم، — دېدىم ئەر-كىلەپ.

— ۋاي ساراڭ قىزىمەي، — كۈلۈپ كەتتى ئانام كۆزلىرىدىن چىققان ياشنى سۈرتكەچ، — ئۇنداق بولسا سېنى ئەرگە بېرىۋېتىدىغان چاغ كەپتۇ - دە.

— ئەرگە ئۆزۈڭ تېگىۋال، — دېدىمەن قېيداپ ۋە يەل توپامنى ئېلىپ تالاغا ماڭدىم.

— توپىدا ئوينىما! — دېگىنىچە ۋارقىراپ قالدى ئانام.

« توپىدا ئويىنىماي ئاسماندا ئويناي‌تتىممىكى » دېگەننى

ئويلىدىمەن كۈلكە ئىچىدە. لېكىن ھېلىقى پاكىز يىگىتنى ئېسىمگە ئېلىپ دەررۇ ئارقامغا ياندىم.

— ئانىجان، ئانىجان، ئانارگۈل، — توۋلىدىم ئەركىلەپ، — ھېلىقى شىپىڭتاۋار كۆڭلىكىمنى ئېلىپ بەرگىنە.

— ئۈستىبېشىڭ كىر، قانداق كىيىسەن؟

— ئۇنداق بولسا چېچىمنى يۇيۇپ قوي.

ئانام ھويلىدىكى ئوچاقتا مانتا قازىنىنى ئېسىپ سۇ ئىسسىتتى، ئۆزۈم يۇيۇنىمەن دېگىنىمگە ئۇنىماي، يوغان داسقا ئولتۇرغۇزۇپ بەدىنىمنى سوپۇنداپ يۇدى. چاچلىرىمنى تۇخۇم بىلەن يۇيۇپ ئارقىدىن يېلىم چېچىپ 41 تال قىلىپ ئۆرۈپ قويدى. يىلىم قۇرۇغاندىن كېيىن ئۆۋۈلىشىۋېتىپ لۆڭگە بىلەن سۈرتتى. مەن تاش ئەينەك ئالدىدا تۇرۇپ 41 تال چېچىمنىڭ ھەر بىر دانىسىنىڭ ئۇچىنى كىچىك تارغاقتا تاراپ چىقتىم، چېكە ۋە گەدەن چاچلىرىم يېلىمى قۇرۇپ ئۆۋۈلىشىۋېتىلگەندىن كېيىن يەنە بۈدۈرلىنىپ قالدى. چاچلىرىم تەبىئىي بۈدرە بولغاچقا سېكىلەكلىرىم بۇرما - بۇرما بولۇپ، ئۇچى پوپۇكلىشىپ يەلكەمنى بىر ئالدى. گىلەم تاشكەنت دوپپامنى كىيسەم، سۇس ھاۋارەڭ شىپىڭتاۋار كۆڭلىكىم بىلەن پەرلىشىپ ئاجايىپ ياراشتى، ئۇيان - بۇيانغا ئۆرۈلۈپ ھۆسنۈمنى تاماشا قىلدىم.

— مانا بىزمۇ خەقتەك پاكىز بالا بولدۇق، — دېدىم ئەينەكتىكى قىزغا قاراپ.

— ھە، يەنە كىم پاكىز بالا بولۇپتۇ، — دېدى ئانام كەينىمدە تۇرۇپ.

— ھېلىقى يېڭى كەلدىۋايلارنىڭ بالىسىچۇ، قىز بالىدەك ياسىنىۋېلىپ خەقنى مەسخىرە قىلىدۇ تېخى.

— نېمىشقا سېنى مەسخىرە قىلىدىكەن؟ — دېدى ئانام ھەيران بولۇپ.

— تاشتەرمەك ئويناۋاتساق كېلىپ قېلىپ مەسخىرە قىلىپ

كۆلۈۋاتىدۇ ئادەمگە .

× × ×

بىر كەچقۇرۇنلۇقى مەھەللىدە گولتوپ قىزىپ كەتتى . گولتوپنى ئىككى تەرەپ بولۇپ ئوينايتتۇق . ئويۇن باشلاش نۆۋىتى ئالغان تەرەپ توپ ئۇراتتى ، قارشى تەرەپ توپ تۇتاتتى . ئۇتتۇرغان تەرەپتىن بىرەرسى توپنى تۇتۇپ ئالالىسا ئۇلار توپ ئۇراتتى . توپ ئۇرۇش نۆۋىتى ماڭا كېلىپ قالدى . سەتكە توپىدىن سەل كىچىكرەك كەلگەن كۆك رېزىنكە توپنى قارشى تەرەپتىكىلەرگە تۇتقۇزماسلىق مەقسىتىدە كۈچەپ ئۇردۇم . توپ ھېچكىمگە تەگمەي قاڭقىپ بېرىپ يېڭى كەلدىۋايلارنىڭ ھېلىقى بالىسى — « چىرايلىقچان » غا تەگدى . ئۇنىڭ بۈگۈن كىيگەن ئاپئاق كانىۋاي كۆڭلىكىنىڭ مەيدىسىدە دۈگىلەك ئىز قالدۇردى . بۇ ئۇشتۇمتۇت زەربە ئۇنى قاتتىق چۆچۈتتى . مەنمۇ قورقۇپ كەتتىم ، تىللاپ كېتەرمۇ دەپ شۈمشەيدىم . ئۇنىڭغا ئاستا قارىدىم . قارا كۆككە مايىل كۆزلىرىنى تۈنۈگۈنكى پەدىدە ماڭا تىكىپ خۇددى يەۋېتىدىغاندەك قاراپ تۇرۇپتۇ ، تېخى كۈلۈشىچۇ . قىز بالا دېگەن تولىمۇ سەزگۈر كېلىدۇ . بىرەرسى تىكىلىپ قارىدىمۇ ، بولدى خۇددى پۈتلىرى كالامپايلىشىپ ، قوللىرى ئۈزۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك يوشۇرغىلى يەر تاپالماي قالىدۇ . مەن شۇئان ئۈستىبېشىمغا قارىدىم ، چىرايلىق شىپىڭتاۋار كۆڭلىكىم پۈرلەشكەن،پىستەرەڭدۇر ــ دۇن تامبىلىم تىزىمغىچە تۈرۈۋېتىلگەن ئىدى . مەن ئويۇن ئوينىغان چاغدا ھەمىشە تامبىلىمنى ئاشۇنداق تۈرۈپ ئالاتتىم ، ئايىغىمنىمۇ سېلىۋەتكەن ، ئوشۇقۇمغىچە توپىغا پاتقان ئىدىم . « قاملاشقان » بۇ تۈر- قۇمدىن قاتتىق ئىزا تارتتىم — دە ، دەررۇ پۈشقىقىمنى چۈشۈردۈم ، ئويۇننى تاشلاپ ، تامنىڭ تۈۋىگە سېلىپ قويغان ئايىغىمنى كىيىۋالدىم . ھېلىقى چىرايلىق كۆك كۆز ( بىز قىزلار ئۇنىڭغا ئاشۇنداق لەقەم قويۇۋالغان ئىدۇق ) ۋېلىسىپىتنى يېتىلىگىنىچە يېنىمغا كېلىپ توختىدى .

— كۆڭلىكىمنى تۆلەڭ ، كەپسىز قىزبالا .

قورقىنىمدىن تۇرغان جايىمدا قېتىپ قالدىم . « گازىرغا لايىق پۇلۇم تۇرسا ، كۆڭلەكنى قانداق تۆلەرمەن ، ئانامغا نېمىمۇ دەرمەن ... »

— رەختىنى مەن ئەكىلىپ بېرىمەن ، سىز كانىۋاي تىكىپ بېرىسىز .

ۋاي خۇدايىمەي ، « كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال » دېگەن شۇ - دە ، دەپ ئويلىدىم-مەن بېشىم تېخىمۇ قېتىپ . ئانام ئېيتقاندەك « ئېشەك قۇلىقى تۇتۇپ باقمىغان » بىر قىز تۇرسام قانداقمۇ تىكەرمەن .

ئۇ مېنىڭ بېشىمنى قاتۇرۇپ قويۇپ ، كۆلگىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەتتى . قىزلارنىڭ ھەر قانچە زورلىغىنىغا قارىماي ئويۇننى تاشلاپ مەنمۇ ئۆيگە كىرىپ كەتتىم . دەرۋازا تىرىككىدە قىلسا ، ئۇ ھېلىلا ئۆيگە كىرىپ كېلىدىغاندەك چۆچۈپ ئولتۇرالماي قالدىم ...

× × ×

خۇداغا مىڭ شۈكۈر ، ئىمتىھانلار تۈگىدى . ئۇ چاغلاردا كايىرروۋ ① نىڭ بەشلىك نومۇر سىستېمىسى قوللىنىلاتتى . ھېسابتىن ئۈچ ، قالغان پەنلەردىن تۆت - بەشتىن نومۇر ئېلىپ ، ياخشى نەتىجە بىلەن سىنىپ كۆچۈپتىمەن ، كۈرسەتكۈچۈمنى قولۇمغا ئالدىم - دە ، ئۆيگە چاپتىم . ھاۋا بەك ئىسسىق ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈگۈرۈپ ماڭغاچقا يۈزلىرىمدىن تەر قۇيۇلاتتى . ئارقا تەرەپتىن ۋېلسىپىتنىڭ تۇيۇقسىز جىرىڭلىغان قوڭغۇراق ئاۋازى مېنى چۆچۈتۈۋەتتى . نېمە قىلارىمنى بىلمەي ئۆزۈمنى يولنىڭ چېتىگە ئاتتىم . بىراق ۋېلسىپىت قېرىشقاندەك يېنىمغا كېلىپ توختىدى . شۇنداق بېشىمنى كۆتۈرسەم ھېلىقى « چىرايلىق » . « نەرى چىرايلىقكەن تاڭ بۇنىڭ ، ئۇرا كۆز دېدىم ئىچىمدە ، — ئەمدى ئۇنىڭغا نېمە دەرمەن » ، « كۆڭلىكىمنى تىكىپ بەر » ، دېسە

---

① سوۋېت پېداگوگىكى

قانداقمۇ قىلارمەن ؟ دەپ بېشىم قاتتى. بىراق ئۇ مەندىن كۆڭلەك ھەققىدە ئەمەس باشقا گەپ سورىدى.

— ئىمتىھانلار تۈگىدىمۇ ؟

— ھەئە

— ئۆتۈپسىزمۇ ؟

— ئۆتـمـەيـچـۇ ، مانـا قارىسىلا ، — دېدىممەن كۆرسەتكۈچۈمنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ ، — ساپلا تۆت - بەش.

— ماۋۇ ئۈچ نومۇرچۇ ؟

— ئۇ ئەمـدى ... ئۇ مـۇئەللىم دائىم مەن بىلەنلا قېرىشىدۇ ، — بۇ گېپىمگە ئۆزۈممۇ ئىشەنمىگەچكە كۈلۈۋەتتىم ، ئۇمۇ كۈلدى .

— سىزمۇ مەن بىلەن قېرىشىسىز ئەمەسمۇ ؟

ئەمـدى كـۆڭـلـەكـنـىڭ گېپى چىقىدىغان بولدى ، مېنىڭ دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى .

— بوپتۇ كۆڭلەكنىمۇ تۆلەتمەي ، لېكىن ئۇنىڭ ھەققىگە ماڭا بىر ئىش قىلىپ بېرىسىز .

— نېمە ئىش ، — دېدىممەن ھەيران بولۇپ .

— ئەكـېلىڭە خېتىڭىزنى كۆرۈپ باقاي ، قانداقراقكىن ، — دېدى ئۇ گېپىمنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ .

مـەن ئەدەبـىـيـات كـونـسـپـكـىمنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتىم - يۇ ، سىيا تـۆكـۈلـگـەن ، سىزىلىپ كەتكەن بەزى يەرلىرىگە كۆز سالغىنىدا مۇئەللىم ئالدىدا تۇرغاندىنمۇ بەك ئىزا تارتتىم .

— خـېـتـىـڭـىـز يامان ئەمەسكەن ، مېنىڭ بىرئاز ماتېرىيالىم بار ، ھېچبىر چولام تەگمەيۋاتىدۇ ، شۇنى كۆچۈرۈشۈپ بەرسىڭىز .

تـەستىرەك ماقۇل بولدۇم . چۈنكى خېتىمنىڭ ئۇنىڭغا يارىماي قېـلـىـشـىـدىـن ئەنـسـىـرەيتتىم . شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئۇ قىزىل تاشلىق بىر خـاتـىـرە دەپـتەر بىلەن بىر توپ قول يازمىنى سىڭلىسىدىن كىرگۈزۈپتۇ . سىڭلىسىنىڭ ئېيتىشىچە، قول يازمىدىكىنى قىزىل تاشلىق خاتىرە دەپتەرگە

كۆچۈرىدىكەنمەن . خاتىرە دەپتەرنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ كۆرۈپ باقتىم . ھېچبىر بېتىدە خەت يوق ، پەقەت باش تەرەپ ئىچكى مۇقاۋىغا « گۈلنارغا تەقدىم » دېگەن خەت قىيپاش يېزىپ قويۇلۇپتۇ . « بۇ گۈلنار دېگىنى كىمدۇ ؟ گۈلنارغا تەقدىم قىلىنغان خاتىرىگە مەن نېمىشقا خەت كۆچۈرىمەن ؟ » ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدىم . لېكىن ھېلىقى يىگىتنىڭ كۆزلىرى ئېسىمگە كېلىپ قولۇمغا قەلەم ئېلىپ خەتلەرنى كۆچۈرۈشكە باشلىغىنىمنى بىلمەي قاپتىمەن . ئۇنىڭ كۆزلىرىدە قانداقتۇر بىر سېھرىي كۈچ بار ، بىراق ئۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيمەن . شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ تەلىپىگە ياق دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايتتىم . خەت كۆچۈرۈشتىن ئاۋۋال قوللىرىمنى سوپۇنداپ يۇدۇم . ئاندىن شىرە يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ كۆچۈرۈشكە باشلىدىم .

« ... ... ...

قارا قارا قاشلارىڭغا قاتساڭچۇ مېنى ،

كىرپىكىڭنى ئوقيا قىلىپ ئاتساڭچۇ مېنى . »

ئۇنىڭ قاپقارا قوشۇما قاشلىرى كۆڭۈل ئېكرانىمدىن ئۆتتى . بۇ يەنە قايسى قاراقاشقا بېغىشلانغان بېيتلاردۇر .

يازلىق تەتىل يېرىملىشىپ قالدى . چىرايلىق ۋە خاتاسىز كۆچۈرىمەن دەپ كۈن بويى ئۆيۈنىمۇ يىغىشتۇردۇم . توختىماستىن خەت كۆچۈرىمەن . گاھىدا ئانام غودۇڭشىپ قويىدۇ :

— پوچتىخانىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ كەچكىچە خەت يازىدىغانلارغا ئوخشاش مۈكچىيىپ كەتتىڭغۇ بالام ، قوپ ، بىردەم ئويناپ كىر .

— ماقۇل ئانا ، ئاز قالدى .

سائەت - سائەتلەپ ئولتۇرۇپ كۆچۈرىمەن . بەزىدە قەلەمنى تاشلاپ ، ئويناپ كۈلگۈم كېلىدۇ ، لېكىن نېمىدۇ بىر نەرسە بۇ يەردىن قوزغالماي ئولتۇرۇشقا ئۈندەيدۇ . ئېنىق سەۋەبىنى بىلمەيمەن . ئىشقىلىپ ، مۇئەللىم تاپشۇرغان تەتىللىك تاپشۇرۇقلىرىم بىر ياقتا قېلىپ ، باشقا بىر خاتىرە دەپتەرنى خەتكە توشقازدىم . ئۆز ئىملايىمنى ماختاپ يۈرمىسەمۇ

ئەنسىرىمەيتتىم . دىمىسمۇ مۇئەللىملەر مېنىڭ ئىملايىمنى « توغرا » دەپ ماختايتتى . بۇ بىر ئاي جەريانىدا ئۇ ، ھېلى ئۇنى ، ھېلى بۇنى باھانە قىلىپ ھويلىمىزغا بىر نەچچە قېتىم كىردى ، كۆچۈرگەنلىرىمنى كۆرۈپ رازىمەنلىك بىلەن كۈلدى .

تەتىل تۈگەپ ئوقۇش باشلاندى . دەرستىن چۈشكەنچە ئۇدۇل ئۆيگە قايتىمەن . تاپشۇرۇقلىرىمنى كەچتە ئىشلەشكە قالدۇرۇپ ، مەھەللىدە قىزلار بىلەن ئوينايمەن . ئۇمۇ ئىشتىن چۈشىدۇ . كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىدۇ . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يۈرەكنى پىژىلدىتىدىغان بىر خىل نۇر چاقنايدۇ . مەن ئۇنىڭغا ئۆرە قارىيالمايمەن . ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆز نۇرى بەدەن - بەدىنىمنى تېشىپ ئۆتىدۇ . مەن بۇ قاراشلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي دۈم چۈشۈشىم-دىن قورقىمەن . قەدەم ئېلىشقا ئىلاجسىز قېلىپ يا ئۆيۈمگە كېتەلمەي ، يا بەرجەس تۇرالمايمەن ، پەقەت لاغ - لاغ تىترىگىنىمچە تىرناق تاتىلاپ تۇرۇپ قالىمەن . مېنى بۇ قىيىن ئەھۋالدىن دوستلىرىم قۇتۇلدۇرىدۇ ، ھەر خىل ئويۇنغا دەۋەت قىلىشىدۇ .

ھەر كۈنى كەچقۇرۇن ئۇ سىڭلىسىدىن كۆچۈرىدىغان بىرەر ما-تېرىيال ، ئوقۇيدىغانغا يېڭى گېزىت - ژۇرنال ياكى بىرەر كىتابچە كىرگۈزىدۇ . بىر كۈنى ئۇ روس خەلقىنىڭ « قىزىلگۈل » ناملىق چۆ-چەكلەر توپلىمىنى كىرگۈزۈپتۇ . كىتابنىڭ رەسىملىرى تولىمۇ چىرايلىق ، رەڭگا رەڭ ، خەتلىرى دانە - دانە ئىدى .

چۆچەكنى ئوقۇپ قولۇمدىن چۈشەرگۈم كەلمىدى . ئوقۇشقا كىرگەندىن بېرى تاپشۇرۇق ئىشلەشنى تۇنجى قېتىم ئەتىگەنلىك مۇزا-كىرىگە قويۇپ كىتابنى ئوقۇپ چىقتىم . ئەتىسى ئۇ كىتابنى سىڭلىسىدىن چىقارتىپ بەردىم . كەچقۇرۇن ئۇ ئاشۇ چۆچەكلەر توپلىمىغا قوشۇپ « غالىپلار » دېگەن پوۋېستنى كىرگۈزۈپتۇ ۋە « كىتابلارنى ئوقۇپ بولۇپ ساقلاپ قويسۇن » دەپتۇ . ئەمدى ئۆيىمىزدىكى چىنە - قاچا ئىشكاپىنىڭ قەۋەتلىرىنى مېنىڭ كىتابلىرىم ، ئۇنىڭ كىتابلىرى ئىگىلەشكە باشلىدى . كىتابلار مېنىڭ قەلبىمدە يېڭى بىر دۇنيا ئاچتى . شۇ كۈنلەردە كۆڭلۈمدە

بىر خۇشلۇق دەۋران سۈرەتتى . ئۇيلىسام كىتاب ئوقۇش خۇشلۇقى ئې-كەن . پاتراق چوڭ بولغۇم ، كىتابلارنىڭ ئايال قەھرىمانلىرىدەك نى - نى ئىشلارنى قىلىشۇەتكۈم كېلەتتى . بىر كۈنى ئۇ قولتۇقىغا قىلىن بىر كىتاب قىسقىنىچە ھويلىمىزغا كىردى - دە :

— بۇ كىتابنى ئوقۇپ چىقىڭ ، باشقا بىركىم كۆرمىسۇن ، — دېدى پىچىرلاپ . مەن خۇددى ئويۇنچۇق كۆرۈپ قالغان كىچىك بالىدەك كىتابقا ئېسىلدىم . ئۇ قولىنى ئېگىز قىلىشۇالدى .

— ئەكېلىڭە نېمە كىتاب ؟ — دېدىممەن تاقەتسىزلىنىپ .

— ئوبدان كىتاب ، بىراق ماڭىمۇ بىر نەرسە بېرىشىڭىز شەرت ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ .

مەن يانچۇقلىرىمنى ئاختۇرغۇچە ئۇ ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇردى ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم يەنە لەرزىگە چۈشتى . ئەزايۇ بەدىنىمگە تەسۋىرلىگۈسىز بىر سېزىم ئولاشتى . نېمىدېيىشىمنى ، نېمە قىلىشىمنى ، نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىمنى بىلەلمىدىم .

— مەندە ھېچنېمە يوق ئىكەن ، — دېيەلىدىم ئاران ، يەرگە قا-رىغىنىمچە .

— چېچىڭىزغا چىگىۋالغان قول ياغلىقنى بەرسىڭىز .

مەن چېچىمنى تۈتتۇم . بايا مەھەللىدە ئوينىغاندا كوكۇلىلىرىم كۆزۈمگە چۈشۈۋالغاچقا، بۇلارنى چۆرىسىگە چىلتەك توقۇغان قول ياغلىقىم بىلەن چىگىۋالغان ئىدىم ، قول ياغلىقنى چېچىمدىن يەشتىم . بىراق قول ياغلىق يۇرلىشىپ كەتكەن ئىدى .

— باشقا بىرنى توقۇپ بېرەي ، — دېيەلىدىم بوشقىنا .

— ياق ! مۇشۇنى ئالىمەن ، — دېدى ئۇ قولۇمدىكى ياغلىقنى تارتىپ ئالغىنىچە كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ لەۋلىرىگە بېسىپ .

پۈتۈن بەدىنىمگە ئوت تۇتاشقاندەك بولۇپ كەتتى . يەردىن ئۆرە باقمىدىم . مەن ئەمدى بۇلتۇر ، ئۆلۈشىنى نادان قىز ئەمەس ، كىتاب ئوقۇغان ، سۆيگۈ - مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىنى كىتابتىن بولسىمۇ

كۆرگەن قىز . ئۇ قول ياغلىقىمنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن قولۇمنىڭ بېغىشىدىن تۇتۇۋالغاندا پۈتۈن ئەزايى بەدىنىم خۇددى توك سوقۇۋەتكەندەك تىترەپ كەتتى . بۇ قانداق سېزىمدۇ ؟ بۇنى ئېنىق چۈشەنمىسەممۇ باشقىچە ئۆز- گىرىش بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم . ئۇ ئېگىلىپ ، ئەركىلىگەندەك كۈلدى ، كىتابنى ماڭا سۇندى . كىتابنى ئالاي دەپ قولۇمنى ئۇزاتقان ئى- دىم ، قولۇمنى تۇتۇۋېلىپ ئالقىنىمغا سۆيدى ، قولۇم خۇددى كۆيۈپ قالغاندەك ، قانلىرىم بەدىنىمدە ئۇيۇپ قالغاندەك بولدۇم . بېشىم ئايلىنىپ ئىشىككە يۆلىنىپ قالدىم . ئۇ كىتابنى دېرىزە تەكچىسىگە قويۇپ ئارقىسىچە مېڭىپ دېگۈدەك قورۇدىن چىقىپ كەتتى . مەن كىتابنى ئالدىم - دە ، ئىچكەركى ئۆيگە كىردىم .

« چىن قەلبىمدىن ... » دېگەن بۇ روماننى لامپىنىڭ يورۇقىدا زور قىزىقىش ئىچىدە ئوقۇشقا باشلىدىم . ئۆيگە ئانام كىرىپ قالدى ، مەن دەر- ھال كىتابنى سومكامغا سالدىم - دە ، تاپشۇرۇق ئىشلەشكە تۇتۇندۇم .

— يىرىم كېچە بولۇپ كەتتى بالام ، ئەتە قوپالمايسەن ، ياتقىن،— دېدى ئانام ۋە چىراغنى ئۆچۈردى . مەن ئانام سېلىپ قويغان ئورۇندا سوزۇلۇپ يېتىپ ، بىردەم كىتابتىكى ئايال گىرۇنەنى ، بىردەم ئۇنىڭ سۆيگىنى رودىئوننى ئەسلەپ ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن . چۈشۈمدە ، گىرۇنە ئىمىشمەن ، سوغۇققا چىدامىلىق قارا بۇغداي ئەۋرىشكىسىنى ئېلىپ ۋ . ر . ۋىلىيەمسنىڭ①قېشىغا بېرىپتىمىشمەن . ۋ . ر . ۋىلىيەمس دېگىنىم ھېلىقى چىرايلىق كۆك كۆز ئىمىش . بۇ قانداق ئىشتۇ ، بۇ يەردە نېمە قىلىدىغاندۇ دەپ ھەيران بولارمىشمەن .

× × ×

ئەتىسى ۋە ئۆگۈنى تەنەپپۇس ۋاقىتلىرىدا ، دەرستىن سىرتقى مەشغۇلىيەت چاغلىرىدا ئاشۇ كىتابنى ئوقۇدۇم . كىتابتا رودىئون بىلەن

---

① ۋ . ر . ۋىلىيەمس — سوۋېت ئالىمى

گىرۋەنىڭ مۇھەببىتىگە ئائىت مەزمۇن بار يەرلەر ، مۇھەببەتكە ئائىت سۆز - جۈملىلەرنىڭ ئاستىغا سىزىلغان ، ھەتتا ماڭا ئاتاپ نۇرغۇن ئوتلۇق جۈملىلەر يېزىلغان ئىدى . دوستلىرىم بۇ كىتابنى ئوقۇۋېلىش ئۈچۈن ئۆچىرەت تۇتۇشتى . مەن ھېلىقى بەلگە ۋە خەتلەرنى قارا قەلەم بىلەن ئۆچۈرۈۋېتىپ كىتابنى ئۇلارغا بەردىم . تېخى يېقىندىلا دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن مەكتەپ مەيدانىدا ئوينايدىغان ، مەھەللىگە قايتىپمۇ ئۆيگە كىرمەيدىغان مەن ، مانا ئەمدى دەرستىن چۈشۈپلا مەھەللىگە ئۇدۇل كېلىۋالىدىغان بولۇپ قالدىم . قىزلار بىلەن تەپكۈچ ، گولتوپ ئويناۋېتىپمۇ كۆزۈم ئىختىيارسىز يول تەرەپكە قارايتتى . بۇ گۈن ئۇ كەلمىدى . ئىشتىن قايتقان چوڭلار كەچلىك تامىقنى يەپ بولۇشۇپ ، مەھەللىگە چىقىپ بىز بالىلارنىڭ ئويۇنىنى تاماشا قىلىشقا ، ھەتتا بەزىلىرى بىزگە « ئاقساقال » بولۇشقا باشلىدى . لېكىن ئۇ تېخىچە يوق ئىدى . يولدىن باشقا بىرسى ئۆتسىمۇ خۇددى ئۇ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ ، يۈرىكىم دۈپۈلدەپ كېتەتتى ، كۆز قارىچۇقۇم ئۇ كېلىدىغان يولغا قادالغىنىچە قېتىپ قالاتتى . ئانام تاماققا نەچچە قېتىم چاقىرىپ چىقتى . لېكىن مېنىڭ ئۆيگە كىرگۈم ، تاماق يېگۈم كەلمەيتتى . بىر چاغدا مەھەللىدە بالىلار شالاڭلاپ قالدى . تولىسى تاماق يېيىشكە ئۆيلىرىگە كېتىشكەن ئىدى . پەقەت بىر نەچچە كىچىك بالىلا ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز ئويناپ يۈرەتتى . ئىلاجىسىز قالغاچقا كىرىپ كېتەي دەپ تۇراتتىم ، ئۇنىڭ سىگنالى يۈگۈرۈپ يېنىمغا كەلدى . گېزىتكە ئوراقلىق بىر نەرسىنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ « ئاكام مەھەكەم ساقلىسۇن دەيدۇ » ، دېگەننى قوشۇپ قويۇپ كېتىپ قالدى . شۇ تاپتا بۇ « پۇچۇق قىز » كۆزۈمگە پەرىنىڭ ئۆزى بولۇپ كۆرۈندى . گېزىتنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقنى بىلمىسەممۇ يۈرىكىم دۈپۈلدەپ كەتتى ، ئۇدۇل ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ چىراغنى ياندۇردۇم - دە ، بولاقنى ئاچتىم . گېزىت قېتىدىن بىر جۈپ غۇنچىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن تاۋار تاشلىق بىر خاتىرە دەپتەر چىقتى ، خاتىرىنى ۋاراقلىدىم . خاتىرىنىڭ ھەممە ۋاراقلىرى ئاپئاق ، ھېچقانداق خەت يېزىلمىغان ئىدى ، لەسسىدە بولۇپ قالدىم .

دېمەك ئەتىگەندىن بېرى ئۇنىڭدىن بىر ئىلىك خەت، بىر ئېغىز گەپ كۈتكەن ئىكەنمەن. خاتىرىنى سومكامغا سېلىپ قويۇپ تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەشكە تۇتۇندۇم. بۈگۈن ھېساب مەشقلىرى تېخىمۇ قىيىنلىشىپ، كۆنۈكمە ۋە يېزىق مەشقلىرى ئۇزىراپ تېتىقسىزلىشىپ كەتكەندەك بىلىندى.

× × ×

بۈگۈن ئالتىنچى سائەتلىك دەرس ناخشا ئىدى. بۇ دەرسنى ئوقۇغۇچىلارنى تولۇق باشقۇرالمايدىغان بىر ياش ئوقۇتقۇچى ئۆتەتتى. بۇ دەرس بىزنىڭ سىنىپنى بېشىمىزغا كىيىپ، ئۆگزىنى ئېچىۋەتكۈدەك ۋاراڭ - چۇرۇڭ، قىيا - چىيا قىلىشىدىغان سائىتىمىز. بۈگۈن مۇئەللىم يېڭى بىر ناخشىنى، بىز زادىلا ئاڭلاپ باقمىغان «ئىنتېرناتسىئونال» مارشىنى دوسكىغا يېزىپ ئۆگەتتى. مەن ھېلىقى يېڭى خاتىرەمنى ناخشا دەرسىگە تۇتۇش نىيىتىدە قولۇمغا ئالدىم، پارتىدىشىم ئۇنى كۆرۈپ باقاي دەپ تالاشتى. شۇ ئەسنادا خاتىرە قولدىن قولغا ئۆتۈپ ئارقا پارتىغا بېرىپ توختىدى. ئۇ يەرگە باراي دەپ تۇرۇشۇمغا مۇئەللىم «دىققەت» دەپ تۇۋلىدى. جىم بولدۇم. لېكىن يۈرىكىمدە ھېلىلا بىر پالاكەت تاشىدىغاندەك، بۇ خاتىرىنى كىمنىڭ تەقدىم قىلغانلىقىنى ھەممە ساۋاقداشلىرىم بىلىپ قالىدىغاندەك ۋەھىمە ھۆكۈم سۈردى. پات - پات كەينىمگە قارايمەن. دەپتەرنى بېرىڭلار دەپ ئىشارە قىلىمەن، لېكىن دەپتەر بىردەمدىلا ئوغۇللار پارتىسى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. بىزنىڭ سىنىپتا نېمىشقىدۇر قىز - ئوغۇللارنى ئايرىم ئولتۇرغۇزاتتى. دەپتەر بارغانلىكى يەردە ئۈچ - تۆت باش جۇغلىشىپ قالاتتى. مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرەش باش ئىگىلىرىنىڭ چېھرىدە نامايان بولاتتى. ئۇلار ماڭا قاراپ كۈلۈشەتتى. يۈرىكىم ئەنسىز سوقتى. شۇندىلا مەندە ئارقىغا قاراشقا، دەپتەرنى ئېلىۋېلىشقا جۈرئەتمۇ قالمىدى. دەپتەر ئاخىرى بېرىپ ناخشا ئوقۇتقۇچى-

سىنىڭ قولىغا چۈشتى . مۇئەللىم دەپتەرگە بىر مىنۇتچە قاراپ تۇرۇپ نەدىندۇر پەيدا بولۇپ قالغان بىر ۋاراق قەغەز بىلەن بىر پارچە سۈرەتنى خاتىرىنىڭ ئارىسىغا قىستۇردى . ماڭا بىر تىكىلىپ قارىۋېتىپ بالىلارنى جىم ئولتۇرۇشقا ، ناخشىنى ئۆزىگە ئەگىشىپ تەكرارلاشقا دەۋەت قىلدى .

× × ×

بۈگۈن ئالتىنچى سائەتلىك دەرس ۋاقتىدا سىنىپ مەجلىسى ئېچىلدۇ . باشقا چاغلاردا ئېچىلغان سىنىپ مەجلىسلىرىدە تەقدىرلەنمىسەممۇ تەنقىدلىنىپ باقمىغان ئىدىم . ئادەتتە دەرس ۋە باشقا تېگىشلىك مەشغۇلىيەتلەرگە تولۇق ، ئاكتىپ قاتنىشاتتىم .

ئالتىنچى سائەتلىك دەرسكە قوڭغۇراق چېلىندى . يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇپ ، پۇت - قولۇمدا جان قالمىدى . ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان گۇناھكارغا ئوخشاش روھىي ھالەتتە بولدۇم . شۇ تۇرقى يۈرىكىم توختاپ جېنىم چىقىپ كەتسە ياكى يەر يېرىلىپ ئاستىغا كىرىپ كەتسەم نېمىدېگەن ياخشى ئىدى - ھە !

سىنىپ مۇدىرىمىز خىزمەتكە يېڭى چىققان ياش ئوقۇتقۇچى بولۇپ ، ئادەتتە ئوچۇق كۆڭۈل ، خۇش چاقچاق ئىدى . شۇنچە ياش بولۇشىغا قارىماي بىزنى « بالىلىرىم » دەپ چاقىرىشنى ياخشى كۆرەتتى ، بىزمۇ مۇئەللىمىمىزنى ياخشى كۆرەتتۇق . ئەپسۇس ، بۈگۈن ئۇنىڭ قاپىقىدىن مۇز يېغىپ تۇراتتى . مۇئەللىم ساۋاقداشلارغا بىر قۇر قارىۋالغاندىن كېيىن گېلىنى قىرىپ قويۇپ گەپ باشلىدى . سىنىپنىڭ ھەپتىلىك ئىشلىرىدىن خۇلاسە چىقاردى . سىنىپ ئىچى شۇنداق تىمتاس ئىدىكى ، چىۋىن ئۇچسا بىلگىلى بولاتتى . مەن مۇئەللىمگە ئۆرە بېقىپ قارىيالمايتتىم . ئاخىرى بالا تاشتى . قورققانغا قوش كۆرۈنسە كېرەك ، كۆڭلۈمگە ئەنسىزلىك چۈشتى . مۇئەللىم ئىسمىمنى چىقارماي دارىتمىلاپ قاگسىق گەپ قىلىۋاتاتتى . « گۇمان ئىماننى قاچۇرۇپتۇ » دېگەندەك ، شۇ تۇرقى

دېيىلىۋاتقان گەپ - سۆزنىڭ ھەممىسى ماڭىلا قارىتىلىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— ... ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مۇھەببەت خەتلىرىنى يېزىشى، ئوقۇشى مەنئى قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئىشلار سېزىلسە ياخشى بولمايدۇ، — دېدى مۇئەللىم گېپىنىڭ ئاخىرىدا.

بېشىم ساقىپ، پېشانەم پارتىغا تېگىپ قالدى، نومۇس ۋە ئازاب دەستىدىن ھېلىلا يەرگە كىرىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتىم. ھەر قانچە زورۇقساممۇ ئەتراپقا قارىيالمايۋاتاتتىم. قاچانلاردا قوڭغۇراق چېلىنىپ، مۇئەللىم ۋە ساۋاقداشلىرىمنىڭ سىنىپتىن چىقىپ كەتكىنىنى، ھەتتا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكىنىنىمۇ تۇيماپتىمەن. شۇ تاپتا يەر يۈزىدە پەقەت مەنلا قالسام، ھېچكىمنى، ئاشۇ «ئورا كۆز»نىمۇ كۆرۈشنى خالىمايتتىم.

شۇ ئەسنادا دادام چوڭ - چوڭ چامداپ سىنىپقا كىرىپ كەلدى. دادامنى كۆرۈپ يۈرىكىم توختاپ قالغاندەك بولدى. دادام يېنىمغا كېلىپ بېشىمنى سىيلىغاندا بولسا ئۆپكىدەپ يىغلاپ كەتتىم.

— ئاڭلىسام، مۇئەللىمىڭ تەنقىدلىگەچكە ئۆيگە قايتماپسەن، يۈر مۇئەللىمىڭنى قېشىغا. كىچىك بالا دېگەنگە شۇنداقمۇ ئازار بەرگەن بارمۇ، تۆت ئېغىز گەپ قىلىپ قويمىسام بولمايدۇ ئۇ سويمىغا، — دېدى دادام قولۇمدىن تارتىپ تۇرغۇزۇپ.

مېنىڭ جان - پېنىم چىقىپ كەتتى. يىغلاپ تۇرۇپ دادامغا يالۋۇردۇم:

— جېنىم دادا، ئوبدان دادا، مۇئەللىمدە گۇناھ يوق، مۇئەللىمدە گۇناھ يوق.

— ئەمىسە، مۇنچە تىللىغۇدەك نېمە گۇناھ قىلغان ئىدىڭ؟

— ...

— خەيرىيەت، بىر نۆۋەت ئۆتكۈزۈۋېتەي، ناۋادا بۇدا يەنە يىغلىتىدىكەن، قىلىدىغان گېپىم بار.

شۇندىن بېرى مەكتەپ مەن ئۈچۈن تولىمۇ كۆڭۈلسىز بىر يەرگە

ئايلاندى ، سىنىپتا باش كۆتۈرەلمەس بولۇپ كەتتىم . كەپسىز ئوغۇل ساۋاقداشلىرىم ئابدۇكېرىم ئىسىملىك بىر بالىنى ئاتايىن « كېرەم » دەپ چاقىرىشاتتى . ھېلىقى « ئورا كۆز » نىڭ ئىسمى كېرەم ئەمەسمۇ ، بۇلارنىڭ ماڭا دارىتمىلىغىنى ئىدى .

— ئوھو كېرەمجان ، سېنى بەكمۇ كۆرگۈم كېلىپ كەتتى .

— كېرەمجان سۈرەتكە نېمانچە چىرايلىق چۈشكەنسىز .

— خېتىنىڭ سەترەك ئىكەن ، رەناگۈل كۆچۈرۈشۈپ بەرسە بوپ-تىكەن .

ئۇنىڭغا خەت كۆچۈرۈشۈپ بەرگىنىمنى بۇلار نەدىن ئۇقۇۋالغاندۇ . تۆۋەن يىللىقتا ئوقۇيدىغان ، بىزنىڭ مەھەللىلىك گەپ خالتىسى قىزلار دېگەنمىدۇ - يا ؟ ھەر نېمە دېگەنبىلەن كۆڭلۈم تەس بولدى ، مەن ئۈچۈن سائەت ھەپتىدەك بىلىنىپ ، كۈنلەر تەستە ئۆتەتتى . بۇ دەردلەرنى يا ئۇ-نىڭغا ، يا ئاتا - ئانامغا دېيەلمەيتتىم ، پەقەت ئۆزۈملا تارتماي ئامال يوق ئىدى .

مۇئەللىم مەن بىلەن يەككە سۆزلەشتى . ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بې-رىش شەرتى بىلەن خاتىرە ۋە سۈرەتلەرنى ماڭا بەردى . كانىۋاي كۆڭلەك كىيىپ قاياقىدۇر قىيپاش قاراپ تۇرغان كېرەم كۆزۈمگە غەلىتىلا كۆرۈندى . بىر بۇلۇڭغا بېرىپ ئۇنىڭ خېتىنى ئوقۇدۇم . « گۈل نېمىشقا بۇلبۇلنىڭ ئالدىدا ئېچىلمىدى ؟ » دېگەن جۈملە بىلەن باشلانغان بۇ خەت رومانلاردىن ئېلىنغان ئىشقى مۇھەببەت ئۆزۈندىلىرى بىلەن تولغان ئىدى . شۇنداقتىمۇ بۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا بېغىشلانغان ئىدى .

بولۇپ ئۆتكەن كۆڭۈلسىزلىك ۋە خاپىلىقلار شادلىققا ئۆزگەردى . ئالەم بىردىنلا گۈزەللىشىپ گۈللەر مەن ئۈچۈن ئېچىلىۋاتقاندەك ، سۇلار مېنىڭ مەيلىم بويىچە شارقىراۋاتقاندەك تۇيۇلدى . مەن قەلبىمنى ئاختۇرۇپ كۆردۈم . بارلىق شادلىق ۋە قايغۇلار ئۇنىڭغا بېغىشلانغان . بارلىق دۇر - مارجانلار ئۇنىڭغا ساقلانغان ئىدى . ئۇنىڭ مۇشۇ خېتى مېنى بالىلىقىم-دىن ، باللىق دۇنياسىدىن ئايرىپ چىقتى . دېمەك ، مەن ئۇنى ياخشى

كۆرۈپ كەلگەن ئىكەنمەن. بۇگۈن ئۇنىڭ خېتى مېنى ئۆزۈمگە تونۇتتى. قەلبىمدىكى سىرلىرىم ئۆزۈمگە ئاشكارىلاندى. ئاچچىقىمدا يىرتىپ تاشلىۋەتمەكچى بولغان خەت ۋە سۈرەتنى جىلتكەمنىڭ يانچۇقىغا يوشۇردۇم.

× × ×

مەھەللىمىزدە سۆز - چۆچەك غولداپ قالدى. قوشنا ئاياللاردىن ئىككىسى بىر يەرگە كەلسىلا مېنىڭ گېپىمنى قىلىشۋاتقاندەك خۇدۇكسىرەپ ئۆتەلمەيدىغان بولۇپ قالدىم. تېخى يېقىندىلا خوتۇن خەقلەرنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن پەرۋايىم پەلەك سەكىلدەپ ئويناپ يۈرۈيدىغان قىز بالا بايىقى سىنىپ مەجلىسىدىن كېيىن قۇرۇق گەپ - سۆزدىن قۇتۇلالماي، ھەسرەت چېكىپ يۈرۈيدىغان بولۇپ قالدىم. ئۆيدە جىمجىت ئولتۇرغىنىمغا ئانامنىڭ ئىچى ئاغرىدى بولغاي ئويناپ كىرىشكە زورلىدى. تالاغا چىققان بىلەن بۇرۇنقىدەك ئوغۇل - قىزلار توپىغا قېتىلىپ ئويناشتىن قورقاتتىم، باشقىلارنىڭ بىر نېمىدەپ مەسخىرە قىلىشىدىن ئەنسىرەپ ئادەم بار يەرگە بارالمايتتىم. خەقلەرنىڭ ئاغزىدىكى «كىرەم بىلەن رەنا كاككۇك بىلەن زەينەپ ئىمىش» دېگەن پاراڭلار ئۇچۇپ يۈرۈپ ئانامنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. بىر ئاخشىمى ئانام مېنى ئىچكەركى ئۆيگە سولىۋېلىپ راسا سوراققا تارتتى. مەن ئاخىرى يىغلاپ تۇرۇپ، ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئىقرار قىلدىم. ئانام قاتتىق چۆچۈدى - يۇ، يەنىلا نەسىھەت قىلىپ:

— جېنىم بالام سەن تېخى كىچىك، — دېدى ئۆتكەندە قىلغان «تۇماق بىلەن ئۇرسا يىقىلمىسىلا ئەرگە بېرەتتى» دېگەن گېپىنى ئۇنتۇپ، — ئوقۇشۇڭنى ئوقۇ، بىز ئوقۇيالماي قارىتۇرۇك بولۇپ قالغان ئادەملەر. شۇڭا سەن يالغۇز قىزىمىزنى ئاخىرغىچە ئوقۇتۇپ كاتتا خانىم قىلىش نىيىتىمىز بار. جاپا تارتساقمۇ سېنى يىراق يەرلەردىكى چوڭ - چوڭ مەكتەپلەردە ئوقۇتىمىز. جېنىم بالام، ئۇنى ئېسىڭدىن چىقىرىۋەت.

«ئەستىن چىقىرىۋەت» دېمەك ئاسان. لېكىن، ئەستىن چىقارماق قىيىن. بۇنى ئانام چۈشەنمىسە كېرەك. مەن ئۇخلىغان بولۇۋېلىپ زۇۋان

سۇرىدىم ، ئانامنىڭ گەپلىرى كاللامدىن ئۆتمىدى . ئانام ئۇھ تارتىپ « ئىسسىت قىلغان گەپلىرىم ، باياتىن مەن تامغا سۆزلەپتىمەن - دە ، بوپتۇ » دېدى - دە ، چىراغنى ئۆچۈرۈپ چىقىپ كەتتى . مەن ئىچكەركى ئۆيدە ، قالغانلار تاشقارقى ئۆيدە ياتاتتى . ئىككى ئېتىز ئۆينىڭ بىر ئېتىزى ھەم مېھمانخانا ، ھەم مېنىڭ ياتاق ، دەرس تەكرارلاش ئۆيۈم ئىدى . مەن ئارا ئىشىككە قۇلىقىمنى چاپلاپ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ گېپىنى تىڭشىدىم ، ئۆزۈمچە « بۇلار بۇگۈن ئاخشام چوقۇم مەن ھەققىدە بىر نېمىدېيىشىدۇ » دەپ پەرز قىلغان ئىدىم . ئانام دادامغا پەس ئاۋازدا بىر نەرسىلەرنى دەپ يالۋۇراتتى . بىراق دادام « تولا ۋالاقلىما » دەپ گۇركىرەيتتى . مەن لاغ - لاغ تىترەپ تۇرۇپ خۇدادىن دادامغا ئىنساپ ، ماڭا بەخت ئاتا قىلىشىنى تىلەيتتىم .

× × ×

خۇدا دادامنىڭ دىلىغا سالدىمۇ ياكى مېنىڭ ھالىمغا ئىچ ئاغرىتقان ئانامنىڭ كۆز يېشى كۈچ كۆرسەتتىمۇ ، دادام ئاخىر يۇمشىدى . « ئورا كۆز » نىڭ ئۆيىدىن ئۈچىنچى قېتىم ئەلچى كىرگەندە دادام « ماقۇل » دەپ ئېنىق ئېيتتى . بىراق تويلۇقنى زىيادە ئېغىر سالدى . ئۇلار ئۇنىمىغىمۇ كۆندى . « ئورا كۆز » ئۇ ئائىلىنىڭ تۇنجى بالىسى بولغاچقا ، ئۇلارمۇ ئوغلىنىڭ لەۋزىنى ئالدى بولغاي .

مەن ، ئۇنىڭ ئۆزىگە ئوخشايدىغان كۆك كۆز ئانىسىنىڭ ئانامغا « بالام بىچارە بىر ئاي زىختىكى كاۋاپتەك كۆيدى ، ئىسىت بالام ، بالا دەردىدە ساراڭ بولاي دېدىم ... » دېگەنلىرىنى ئىچكەركى ئۆيدە تۇرۇپ ئاڭلاپ ، « بىر ئاي دېگىنى نېمىسى ، — دەپ ئويلىدىم ئۆزۈمچە كۆڭلۈمگە كەلگەندەك بولۇپ ، بۇنداق ئىشتىمۇ كۈن سانامدىكىنە » .

شۇ كۈنلەردە دادامنىڭ ئىدارىسىدىن بىزگە كەلگەن ، دېرىزىلىرى كۈنگەيگە قاراپ تۇرىدىغان ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي تەقسىم قىلىپ بەردى .

كونا ئۆيىمىزنى ئىجارىگە بېرىۋېتىپ يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ چىقتۇق. ئۇ ئۆي شەھەردىن سەل يىراقتا، كاتتا بىر بايدىن مۇسادىرە قىلىنغان باغلىق قورۇدا ئىدى. ئۆي كۆچۈش يېڭىلىقى مېنى قەۋەتلا خۇش قىلدى. بىراق ئۇنى كۆندە كۆرۈپ تۇرالمايدىغانلىقىم كۆڭلۈمنى يېرىم قىلدى. ئۆي كۆچۈش سەۋەبلىك ئىككى ئائىلە ئارا كەلدى - باردى باشلاندى، ئۇلار بىز كۆچۈپ كېتىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇلاش - چولاش چىقىپ مېھمان بولۇپ قايتىشتى. بىراق بۇ كۈنى ئۇ چىقمىدى، مېنىڭ كۆڭلۈم يېرىم بولدى. ئۇزاش ئالدىدا ئۇنىڭ ئانىسى «كېلەر يەكشەنبە بىزنىڭ ئۆيگە» دەپ تەكلىپ قىلىپ قايتتى.

يەكشەنبە ئاخىرى يېتىپ كەلدى. ئانام، مەن، ھەقەمسايە ئايالل-دىن بولۇپ ئۇنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدۇق. شۇ تۇرقى پۈتۈن شەھەردىكىلەر مېنىڭ نەگە كېتىۋاتقانلىقىمدىن خەۋەر تېپىپ ماڭا قاراۋات-قاندەك ئىزا تارتاتتىم، يەردىن ئۆرە قارىيالماي ئانامنىڭ دالدىسىدا مۆدۈرۈپ - مۆدۈرۈپ كېتىۋاتاتتىم. نېمىشقىدۇر كۆڭلۈمدە بىر قورقۇنچ ھۆكۈمران ئىدى. مۇئەللىم ياكى ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتىم. غەلىتە بىر ئادىتىم، يېڭى ئېگىن كىيسەم كوچىدا زادىلا يالغۇز ماڭالمايتتىم. بۈگۈن دەل شۇنداق بولدى.

تېگى توق سېرىق، گۈللىرى قارامتۇل يېشىل شىپىلىڭ دۇخاۋا كۆڭلىكىم، كۆك سارجىدىن تىكىلگەن چاپىنىم، نازۇك، تېخى تولمىغان پاقالچاقلىرىمغا تارتىلغان يىپەك پايپىقىم، توقاچ پاشنا قىزىل تۇپلىيىمغا ئوت تۇتىشىپ پۈتۈن بەدىنىم كۆيۈۋاتقاندەك، ئۆزۈم يالقۇن ئىچىدە قال-غاندەك تۇيۇلاتتى. ئاچچىق ئۇچەيدەك تاركوچا، ماڭدامدا ئۇچرايدىغان كىشىلەر، ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرغان سىنچى كۆزلۈك خوتۇنلار مېنىلا پايلاپ تۇرغاندەك، مېنىڭ ئۇنىڭكىگە كېتىۋاتقانلىقىمدىن مەكتەپكە خەۋەر يەتكۈزىدىغاندەك تۇيۇلۇپ قورقاتتىم، خىجىل بولاتتىم. ئاخىر ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كەلدۇق. ئىشلار بۇ دەرىجىگە يەتكەچكىمىكىن مەن بەك ئىزا تار-تىۋاتاتتىم. ئۇنىڭ ئانىسى، سىڭىللىرى يەنە كىملەركىن بىر نەچچە ئايال

ئىشىك ئالدىغا چىقىشىپ ئانام ئىككىمىز بىلەن يۈز يېقىشىپ كۆرۈشتى - دە ، مېھمانخانىغا باشلىدى . ئۆيدە يەنە بىر نەچچە ئايال ئولتۇراتتى . ئۇلار بىلەنمۇ يۈز يېقىشىپ كۆرۈشتۇق . مەن زادىلا بېشىمنى كۆتۈرەلمىدىم ، داستىخانغىمۇ قول ئۇزاتمىدىم . ئۇنىڭ ئانىسى سەزگۈر ئايال بولسا كېرەك :

— بالام بىچارە تارتىنىپ قالدى — نېرىقى ئۆيدە تاماق يەۋالسۇن ، — دەپ مېنى قولۇمدىن يېتىلەپ ئەچىقتى - دە ، هويلىنىڭ مەغرىپ تەرىپىدىكى بىر ئېغىز ئۆيگە باشلىدى . بۇ ئۆيدە بىر كارىۋات ، يېزىق ئۈستىلى ، ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان بىر چامادان بولۇپ ، ئۇنىڭ ياتاق ئۆيىدەك قىلاتتى . بۇ ئۆينىڭ دېرىزىسى مېھمانخانىنىڭ دېرىزىسىگە روبىرو بولۇپ ، ئارىلىقنى كىچىك گۈللۈك ئايرىپ تۇراتتى . بىر چاغدا ئۇ هويلىغا كىرىپ كەلدى . بۇ يېقىنقى كۈنلەردە ئۇنى كۆرۈش نېسىپ بولمىغان ئىدى . ئۇ كۆزۈمگە سەل جۈدەپ قالغاندەك كۆرۈندى . ئانىسى ئۇنىڭغا بىر نېمە دېۋېدى ، ۋېلىسىپىتىنى تامغا يۆلەپ قويۇپ مېھمانخانا ئۆيگە كىردى - دە ، پەگاھتا تۇرۇپ ئاياللارغا ئېگىلىپ سالام بەرگەندىن كېيىن هويلىغا يېنىپ چىقتى . مەن دېرىزىدىن ھەممىنى كۆرۈپ تۇردۇم ، ئانىسى يەنە بىر نېمىدەپ مەن بار ئۆينى شەرەت قىلدى . ئۇ مەن بار ئۆيگە كىردى . مەن ئورنۇمدىن سەل مىدىرلاپ سالام بەردىم - دە ، يەرگە قارىۋالدىم . پۈتۈن ئەزايى بەدىنىم ئوت بولۇپ ياناتتى . بىر چاغدا ئۇ مەن ئولتۇرغان كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى . شۇ ئارادا ئانىسى كىرىپ ئالدىمىزغا داستىخان سالدى ، چاي قۇيدى ۋە :

— مەن مېھمانلارغا قاراي ، سەن رەناگۈلدىن خەۋەر ئال بالام ، ئۇ تېخى ھېچنېمە يېمىدى ، — دېدى بالىسىغا قاراپ .

— رەناگۈل ...

مەن بېشىمنى كۆتۈردۈم ، ئۇ قاراكۆك كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ ماڭا تەلمۈرۈپ تۇراتتى .

— جۈدەپ كېتىپلا خېنىم .

ئۆزۈمنى زادىلا توختىتالمىدىم ، ئىككى تامچە ياش ئالدىمدىكى پـ

يالىڭگە دومىلىدى ، ئۇ ئىگىشىپ بارماقلىرى بىلەن يۈزۈمدىكى ياشنى سۈرتتى ، بېشىم ئايلانغاندەك ، يۈرىكىم توختاپ قالغاندەك بولدى ، مەن ئېسەدەپ يىغلىۋەتتىم . كۆز يېشىم يامغۇردەك تۆكۈلدى . بۇ خۇشاللىق يېشى ، بەخت تامچىلىرى ئىدى . بۇ تامچىلار قەلبىمدىكى جاراھەتلەرنى ، دەرد - ئەلەم داغلىرىنى يۇغاندەك بولدى . مەن ئۇنى قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتىم .

× × ×

كىشىلەر ، « قىزبالا دېگەن 18 ياشقا توشقاندىن كېيىن بالاغەتكە يېتىدۇ ، ئىشقى - مۇھەببەت تۇيغۇسى شۇندىن كېيىن يېتىلىدۇ ... » دەپ قارىشىدۇ . ئىقلىمى ئىسسىق يەرلەرنىڭ قىزلىرى بالاغەتكە پاتراق يې-تەمدۇ ياكى مەن ھېكايە ، رومانلارنى تولا كۆرۈپ بالدۇرلا خىيال ئىلكىگە ئۆتۈپ قالدىممۇ ، كۈندۈزلىرى ۋاقىت دەرس ۋە باشقا ئىشلارغا بەنت بو-لۇپ ئۆتۈپ كېتەتتى ، ئاخشىمى ياستۇققا بېشىم تەگدىمۇ بولدى ، ئۇنىڭ سىماسى كۆز ئالدىمغا كېلىۋالاتتى . خىيالىمغا ئۇ ئىككىمىز بىللە تۇرغان كۆرۈنۈشلەرنى كەلتۈرەتتىم . ئۇنىڭ بىلەن تاغلارغا چىقاتتىم ، باغلاردا سەيلە قىلاتتىم . بىز قىزلاردا ، ناۋادا ئاخشىمى بىرسىنى ئويلىساڭ شۇ كې-چىسى ئۇنىڭ چۈشىگە كىرىسەن دەيدىغان قاراش خېلىلا ئىغىر . مەنمۇ ئاشۇ قاراشقا ئىشىنەتتىم ، مەن كۆپرەك ئاخشاملىرى ئۇنى خىيال قىلات-تىم ، مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇمۇ مېنى خىيال قىلىۋاتىدۇ ، دەپ قارايتتىم . ئۇنى ئويلاپ يېتىپ قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغىنىمنى بىلمەيتتىم . دېمىسىمۇ چۈشۈمدە ئۇنى كۆرەتتىم . بىر قېتىم چۈشۈمدە ئۇ مېنىڭ قولۇمغا تويلۇق ئالتۇن ئۈزۈك سېلىپ قويغانمىش ، ئۈزۈكنى كۆرەي دەپ قولۇمغا ئېلىشىمغا كۆزى ئاجراپ چىقىپ كەتكەنمىش . مەن كۆزنى ئىزدەپ ئاران تاپسام ئۇ كىچىككىنە ساپال پارچىسى بولۇپ چىققانمىش . مەن بۇ چۈشنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ئانامغا ئۆرۈپ بەردىم . ئانام چۆچۈپ كەتتى ۋە :

— ھەي، مۇراد — مەقسىتىڭلارغا يېتەلمەمسىلەر — نېمە؟ خۇدايىم ساقلىسۇن، چۈش دېگەن تەتۈر كېلىدۇ دەيدىغان، بەلكىم ياخشىلىقتۇ، — دېدى. نەچچە كۈنگىچە كۆڭلۈم پەرىشان يۈرۈپ، كېيىن ئۇنتۇپ كەتتىم.

ھەر كۈنى ئاخشىمى شېرىن خىياللار قاينىمىدا ئۈزەتتىم. ئەتىسى ۋاقتىدا تۇرالمايتتىم. ئانام تووۋلاپ يۈرۈپ تەستە ئويغىتاتتى. يۈزلىرىمنى چالا - پۇلا يۇيۇپ چاي ئىچىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي مەكتەپكە چاپاتتىم. مەكتەپكە باردىممۇ بالىلار مېنى بوزەك قىلاتتى ياكى مەن يىغلاپ سىنىپتىن يامانلاپ ماڭمىغۇچە مېنى جېلە قىلىشنى توختاتمايتتى، ئىش شۇ يەرگە كەلگەندە مېنى يولۇمدىن توختىتىپ ئېلىشاتتى. بۇ ئازابلار يۈرىكىمنى تىترەتتى. قىز بالا نېمىدېگەن ئاجىز - ھە! مېنى مەسخىرە قىلغان ئاشۇ ئوغۇل بالىلار ئۆزلىرىمۇ قىز بالىلارغا خەت يېزىشىدۇ تېخى، خەتلىرى مۇئەللىملەرنىڭ قولىغا نەچچە قېتىملاپ چۈشۈپ قالسىمۇ پەرۋايىغا ئالمايدۇ، تېخى چوڭ ئىش قىلغاندەك ماختىنىشىدۇ. ئەنە ئۇمۇ ھېچ غېمىدە يوق خىزمەتكە بېرىپ - كېلىپ خۇشال - خۇرام يۈرۈيدۇ، پەقەت مەنلا ئازابلىنىپ يۈرىمەن. نېمىشقىمۇ خاتىرىنىڭ ئىچكى مۇقاۋىسىغا قاراپ باقمىغاندىمەن، شۇ يەرگە قاراپ باققان بولسام خەت ۋە سۈرەتلەر قولۇمغا چىقماسمىدى؟ ئۇ ماڭا نەدىنمۇ يولۇقۇپ قالغاندۇ، مەن ئۇنى كۆرمىگەن بولسام بۇ دەردلەرمۇ بولماس ئىدى، دەپ ئۆكسۈيتتىم. بۇنداق چاغلاردا ئۆزۈمدىنمۇ، ئۇنىڭدىنمۇ جاق تويۇپ كېتەتتىم. لېكىن ئۇنى كۆرسەملا بارلىق دەردلىرىم ئۇنتۇلاتتى. ئۇ ھەر ھەپتىدە دېگۇدەك بىرەر كىتاب كۆتۈرۈپ ياكى بىرەر ئىشنى باھانە قىلىپ بىزنىڭكىگە چىقاتتى. تولا چاغلاردا ئۆيگە كىرمەي باغنىڭ تېشىدا تۇرۇپ سىڭلىسىنى كىرگۈزەتتى.

مەن باغقا چىقاتتىم. مەن باغ رىشاتكىسىنىڭ ئىچىدە، ئۇ تېشىدا تۇرۇپ كۆرۈشەتتۇق. رىشاتكىنىڭ تېشىدا بىر ئېرىق بولۇپ، ھەمىشە سۇ ئۆكسىمەيتتى. ئېرىق بويى ۋە رىشاتكىنىڭ باغ تەرىپىمۇ بۈككىدە

دەرەخزارلىق، گۈللۈك ئىدى. ئاشۇ يەردە سائەتلەپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتـ
تىم، ئۇ كۈنىگە يېڭىدىن يېڭى گەپلەرنى دەپ بېرەتتى. مەن ئۇ دەۋاتقان
گەپلەرنى چۈشەنمىسەممۇ، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشقا خۇشتار ئىدىم. ئۇ
يۈرەك سۆزلىرىنى يېزىشقا ئامراق ئىدى. ناۋادا ئۇنىڭ ماڭا يازغان
خەتلىرىنى يىغىپ قويغان بولسام بىرەر كىتاب بولغان بولاتتى. ئۇ مەكـ
تەپتىكى ئىشنى ئاڭلاپ قالغاندىن كېيىن خەتلەرنى ئوقۇپ بولۇپلا
كۆيدۈرۈۋېتىشىمنى تاپىلاپ قويغاچقا، يۈرىكىمنىڭ ئىچىشىپ كېتىشىگە
قارىماي كۆيدۈرۈۋېتىشىم كېرەك ئىدى.

ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇشىمىز پۈتتى، دۆلەتلىك ئىمتىھانلارمۇ
تۈگىدى. مەن بىر نەچچە ساۋاقداشلىرىم قاتارى ئۈرۈمچىگە — مېدىتسىنا
ئىنىستىتۇتىغا ئۆتتۈپتىمەن. دوختۇر بولۇش ئارزۇيۇمغا كۆرە خۇش بولـ
دۇم. لېكىن ئۇ مېنىڭ ئوقۇيمەن دەپ يۈرمەي توي قىلىشىمىزنىڭ
زۆرۈرلۈكىنى ئېيتتى. مېنىڭ ئوقۇغۇم بار ئىدى. ئاتا - ئانامۇ ئوقۇتۇش
تەرەپدارى ئىدى. مىڭ ئەپسۇس، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى توي قىلىشقا
قىستاپ بېشىمىزنى قاتۇراتتى. مېنىڭ ئىرادەم بارا - بارا تەۋرىنىشكە
باشلىدى.

ئۇ شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ قايسىدۇر بىر بۆلۈمىدە كاتىپ ئىدى.
بىر كۈنى ئۇ ۋالىي مەھكىمە زالىدا كىنو قويۇلىدىغانلىقىنى، كىنودىن
كېيىن تانسا بولىدىغانلىقىنى، بىلەت ئېلىپ قويغانلىقىنى ئېيتىپ سىڭلىـ
سىدىن خەت چىقارتىپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى ئاشۇ كۈنى دادام چوڭ ئانامنى
يوقلاش ئۈچۈن يېزىغا كەتكەن ئىدى. ئۇ بولسا كىنوغا بېرىشىمغا ئۇنۇمـ
غان بولاتتى. ئانامۇ دەسلەپتە « داداڭ ئاڭلىسا خاپا بولىدۇ، قىز بالا
دېگەننى خەقنىڭ قولىغا تۇتقۇزمىغۇچە كېچىدە بىرياققا بارمايدىغان » دەپ
ئۇنىمىدى. لېكىن ئۇنىڭ سىڭلىسى « ئانام ۋە ئاچا - سىڭىللىرىمۇ بىللە
بارىدۇ » دېگەندىن كېيىن تەستە ئۇنىدى - يۇ، ئۇكامنى ھەمراھ قىلىپ
قويدى. بىز زال ئالدىغا باردۇق. ئۇ خېلىدىن كېيىن، ئاق سېرىق،
سېمىز، قاراكۆز، كىرپىكلىرى قويۇق، قاملاشقان بىر چوكان بىلەن بىللە

كەلدى . ئۇ بىز بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن ھېلىقى چوكانغا مېنى تو-نۇشتۇردى . ئۇ چوكان سىنچى كۆزلىرى بىلەن باش - ئايىغىمغا باقتى . يۈزلۈم ۋىلىلدە قىزاردى .

— بۇياق بىزنىڭ باشلىقىمىزنىڭ سۆيۈملۈك خانىمى گۈلنار بو-لىدۇ . باشلىق « خانىم زېرىكىپ قالمىسۇن ، ئويۇن كۆرسىتىپ ئەكەل ، مەنمۇ ھېلى بارىمەن ، دېگەنتى » دېدى ئۇ چوكاننى ماڭا تونۇشتۇرۇپ .

شۇ ئەسنادا ئۇ نەدىندۇر بىر بېلەت تېپىپ كېلىپ ئۇكامنى بىر يەرگە ئولتۇرغۇزدى . ئەسلىدە ئۇ ئىككىمىزنىڭ بېلەت ئورنى بىر يەردە بولۇشى كېرەك ئىدى ، بىراق ئايرىم - ئايرىم بولۇپ چىقتى . مەن ئۇكام-نىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم ، بىر ھېسابتا بۇمۇ ياخشى بولدى . كىنوغا مەغۇل بولۇپ ئۇنىمۇ ئۇنتۇپتىمەن . بىر چاغدا بىرسى يېنىمغا كېلىپ قولۇمنى تۇتماسمۇ ، چۆچۈپ ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدىم ، قارىسام ئۇ ئىكەن . بىر بولاق گازىر ۋە بىر ئىستاكان ماروژنى ئېلىپ كەپتۇ . كۆڭۈل دېگەن ئا-جايىپ نەرسە ، ياخشى كۆرگەن كىشىڭنىڭ كىچىككىنە ئىلتىپاتى بېشىڭنى ئاسمانغا يەتكۈزىدۇ . « كىنو كۆرۈۋېتىپمۇ مېنى ئويلاپتۇ » دەپ خۇش بولۇپ كەتتىم .

— رەھمەت ، — دېدىم ئاستا شىۋىرلاپ .

— كىنودىن كېيىن تانسا بولىدۇ ، كېتىپ قالماڭلار ، سىلەرنى مەن ئۆزۈم ئاپىرىپ قويىمەن .

— ماقۇل ، كەتمەيمىز ، بىراق مەن تانسا بىلمەيمەن ، ئۇنىڭ ئۈس-تىگە ئانام ئەنسىرەپ كېتىدۇ ، كىنودىن كېيىن كەتسەم بولاتتى ، — دېدىم .

— مەن ئۆگىتىپ قويىمەن ، بىر دەسسەپ ، ئىككى دەسسەپ ئۆ-گىنىپ قالىلا ، — دېدى ئۇ ئۇنىماي .

كىنو تۈگىدى . ئەپسۇس ، يەنە بىر كىنو بولغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە ! ئارىلىقتا تەنەپپۇس بولدى . ئورۇندۇقلارنى زالنى چۆگىلىتىپ تىزغۇچە بىز — گۈلنار ، ئۇنىڭ بادالڭ قورساق باشلىق

ئېرى ، ئۇنىڭ سىڭلىسى ، ئۇكام ، ئۇ ۋە مەن ئالتەيلەن تاۋۇز يېيىشىپ ئولتۇردۇق . گۈلنار ئېرىدىن خېلى ياش ، ئېرى ئۇنىڭ كۆزىگە بەك قارايدىغاندەك قىلاتتى . گۈلنار قەلەم قاشلىرىنى يىلاندەك مىدىرلىتىپ ، كىشىگە قادىلىپ قارايتتى . بىر ئېغىز گەپ ئارىلىقىدا ئۇنىڭغا قارايتتى ، تەستىقلىتاتتى . گۈلنار خانىمنىڭ ئالدىدا ئۇ خۇددى بۆلەك بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى .

— كېرەم ئۇكام ، — دېدى باشلىق ئەسنەپ تۇرۇپ ، — مېنىڭ تانسا - پانسا دېگەنلەر بىلەن خوشامۇ يوق ، مۇشۇ گۈلنار تانسا ئۆگىنىمەن دەپ ساراڭ بولۇپ قالاي دېدى ، بىر ئۆگىتىپ قويغىنا شۇنىڭغا ، مەن ئورۇنباسار ۋالىي بىلەن بىرلىيارت ئوينايمەن ، باياتىن شۇنداق دېيىشىپ قويغان .

— ماقۇل ، ماقۇل ، ماقۇل ، — دەپ ئارقا - ئارقىدىن باش لىڭشىتتى كېرەم دەل شۇنى كۈتكەندەك .

تانسا باشلاندى . ئۇ بىزنى ( سىڭلىسى ، ئۇكام ۋە مېنى ) بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ئۆزى گۈلنارنىڭ ئالدىغا باردى - دە ، ئالاھىدە تازىم بىجا كەلتۈردى . سېمىزلىكى ئۆزىگە ياراشقان بۇ چىرايلىق چوكان بىلەن ئېگىز بوي كەلگەن كېرەم تانسىغا چۈشۈشتى . مەن بۇ ئىككىسىنىڭ لەرزان مۇزىكا ساداسى ئىچىدە پۇتلىرىنى كەلتۈرۈشكە تىرىشىۋاتقانلىقىغا قاراپ ئولتۇردۇم . تۇرۇپ - تۇرۇپ پۇتلىرى ماسلىشالماي قالسا ، ئىككىسى كۈلۈشۈپ كېتەتتى .

ئادەتتە كىچىك قىزلار بالاغەتكە يەتكەن قىزلارغا ، بالاغەتكە يەتكەن قىزلار بولسا چوكانلارغا ھەۋەس قىلىشىدۇ ، مەنمۇ بۇ قامالاشقان چوكانغا ھەۋەس قىلدىم . ئۇنىڭ ئورنىدا بولۇشنى ، كېرەم بىلەن ئاشۇنداق تانسا ئويناشنى ئارزۇ قىلدىم .

— بۇداقى قېتىم سىلىگىمۇ ئۆگىتىپ قويىمەن ، — دەپ ئارىلىق - ئارىلىقتا يېنىمىزغا كېلىپ قوياتتى كېرەم ، لېكىن گۈلناردىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغاندەك قىلاتتى .

ئارادا بىر - ئىككى قېتىم باشقا ياسانچۇق قىزلارنى، مەن تونۇمايدىغان خانىملارنى نارتىپ تانسا ئوينىغانىنى دېمىگەندە، ئۇ گۈلنار بىلەنلا تانسا ئويناپ چىقتى. ئۇنىڭ سىڭلىسى بىلەن ئۇكام ئورۇندۇقتا ئۇخلاپ قېتىپ قاپتۇ. زالدا تانسا مەستانىلىرى ۋە سازەندىلەرلا قالغان ئىدى. ھەر بىر مۇزىكا چېلىنىشى بىلەن ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇپ جۈپ - جۈپ بولۇشۇپ تانسىغا چۈشەتتى. پۈتۈن زالدا مەن ۋە ئىككى يېنىمدا ئىككى بالا قالاتتۇق. مانا ئەمدى ئۇلار ئۇخلاپ قېلىپ يالغۇزلۇقۇم تازا بىلىندى. ئەتراپقا قاراپ خىجىل بولدۇم. ھەممە ئادەم ماڭا قاراۋاتقاندەك ۋە « تانسا بىلمىگەن ھالىغا، يەنە كېلىپ مەكتەپ بالىسىغا بۇ يەردە نېمە بار » دەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. پوكاندەك قىزىرىپ ئېسىلىپ كەتكەن گۈلنار بىلەن كېرەم بىر ئارىلىقتا چاپانلىرىنى سېلىپ مېنىڭ يېنىمغا قويۇشقا كېلىشتى. گۈلنارنىڭ مەيدىسىگە گۈل ئىشلىگەن كوپتىسىدىن بېجىرىم كۆكرەكلىرى تېشىپ چىقاي دەپ تۇراتتى. مۇزىكا ۋالىسقا چېلىندى. ئۇ كۆڭلۈم ئۇچۇن بولسىمۇ « ئويىنامدۇق » دەپ تۇيمىدى. گۈلنار كالتە يەڭلىك كوپتىسىدىن چىقىپ تۇرغان ئاپئاق، تولغان بىلەكلىرىنى ئۇنىڭ دولىسىغا قويدى. ماڭا شۇنداق تۇيۇلدىمۇ، ئىشقىلىپ گۈلنار لىغىرلاپ تۇرغان كۆكرەكلىرىنى ئەتەي ئۇنىڭ مەيدىسىگە تەگكۈزۈپ كەينىگە ئەڭكەيگىنىچە تانسىغا چۈشۈپ كەتتى. ئۆزۈمنىڭ نازۇك تۇرقۇمدىن ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم ئۆكۈندۈم. ئەمدىلا مېغىزلىنىپ، كۆڭلەكلىرىم تەگسە ئېچىشىپ كېتىدىغان يۇمران كۆكرەكلىرىمگە بىرەرسىنىڭ كۆزى چۈشسە - چۈشمەيلا چاچلىرىمنى ئويىنىغان بولۇپ ئىككى بىلىكىم بىلەن توسۇۋالىدىغان ئادىتىم بولغاچقىمۇ گۈلنارنىڭ قىلىقىدىن غىدىقىم كەلدى. « قارا » دېگەندەك بولۇپ كېرەمگە قارىدىم - دە، كۆز قارىچۇقۇم قېتىپ قالدى. ئۇنىڭ قارا كۆك كۆزلىرى خۇددى بەز مارىغان مۈشۈكنىڭكىدەك پارقىراپ، گۈلنارنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە تىكىلگەن بولۇپ، بۇ كۆزلەردە تەلمۈرۈش، يالۋۇرۇش، سۆيۈنۈش، ھۇزۇرلىنىش ۋەھاكازالار مانا مەن دەپ تۇراتتى.

كۆزۈمنى قولۇم بىلەن ئۇۋۇلىۋېتىپ يەنە قارىدىم. يەنە شۇ ھالەت. ئۇ دۇنيادىكى ھەممىنى ئۇنتۇپ گۈلنارغا مەستخۇش تىكىلگەن، گۈلنارمۇ گويا ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىدىن بىر نەرسە ئىزدەۋاتقاندەك كىرپىك قاقماي قاراپ تۇراتتى. مەن يەرگە قارىدىم. ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئۆتكەن بولسا كېرەك، سائىتىم بولمىغاچقا ئېنىق بىلەلمىدىم. بىراق بۇ كېچە ماڭا شۇنداق ئۇزاق تۇيۇلدى. گويا ئالەم بىنا بولغاندىن بېرى پەقەت گۈلنار بىلەن كېرەم ئىككىسىگە قاراپ مۆكچىيىپ ئولتۇرۇپ قېرىپ كەتكەندەك بولدۇم، يۈرىكىم دەھشەت ئېچىشتى. مۇئەللىم تەنقىد قىلغاندىمۇ، سىنىپتىكى ئوغۇل بالىلار، تىلى زەھەر قىز بالىلار مەسخىرە قىلغاندىمۇ بۇنچە قاتتىق ئازابلانمىغان، خورلانمىغان ئىدىم. كۆزلىرىم لىققىدە ياشقا تولدى. مەن ئەمدى كىچىك بالا ئەمەس. 16 ياشقا كىرىپ قالغان، كىتابتىن بولسىمۇ ئاز - تولا بىر نەرسە ئۆگەنگەن قىز ئىدىم. توۋا مانا ئەمدى ھەممە نەرسە بىردىنلا ئايان بولدى. بۇلتۇر يازدا بالىلىق ئويۇنلىرىمنى قويۇپ، تەتىللىك تاپشۇرۇقلىرىمنى كېيىنگە قالدۇرۇپ پۈتۈن يازلىق تەتىلىمنى ھارام قىلىپ كۆچۈرگەن ئىشقى مۇھەببەت شېئىرلىرى مۇشۇ گۈلنار ئۈچۈن بوپتىكەن - دە، ئىسىت، ئىسىت، ئىسىت.

يەنە نېمىگە ئولتۇرىمەن، ئۇلارنىڭ چاپىنىنى ساقلاپمۇ، ئۇلارنىڭ دۇنيانى ئۇنتۇغان ھالدا ئوتلۇق نەزەر تاشلىشىپ تانسا ئوينىغانلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈنمۇ؟ ئۇلار كۆڭلىدە مېنى «كىچىك بالا، نېمىنى چۈشىنىدۇ، كىنوغا كەلگەنگە، تانسا كۆرگىنىگە خۇش بولۇپ ئولتۇرىدۇ» دەيدىغاندۇ. مەن قانداقتۇ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ نادان ئوقۇغۇچىسى — ھاماقەت قىز ئەمەس، سۆيگۈ - مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنگۈچىلىكى بار دىلى نازۇك، ئەقىللىق قىز ئىدىم. بۇرۇن نادان بولسامۇ سۆيگۈ نېسىپ بولغاندىن كېيىن ئويغاندىم، ئەقىل كۆزۈم ئېچىلدى.

كىمدە ئىشق پەيدا بولىدىكەن، ئۇنىڭ كۆڭلى شۇنداق سەزگۈر،

كۆزلىرى روشەن بولىدۇ ، مۇھەببەت ئۇنىڭغا ئەقىل - ئىدراك ئاتا قىلىدۇ . مەن ھەممىنى چۈشەندىم ، ئۇ مېنى قورچاق ئورنىدا كۆرۈپ ، كۆڭلىنى بولسا باشقىلار ئارقىلىق خۇش قىلىپ يۈرۈپتۇ . سەۋر قاچام توشۇپ ، بۇلدۇقلاپ تاشتى . ئۇكامنى ئويغاتتىم - دە ، ئۇنى يېتىلەپ زالدىن ئاستا چىقىپ كەتتىم ، چىقىپ كېتىۋېتىپ ئاخىرقى قېتىم ئۇلارغا قارىدىم . ئۇلار يەنىلا ھېچ نەرسىدىن بىخەۋەر ئىدى .

مەن شەھەرنىڭ قاپقاراڭغۇ كوچىلىرىدا ئۇكامنى يېتىلەپ ئىنتىك ماڭدىم . ئادەتتە مەن كېچىسى تالاغا چىقىشتىن قورقاتتىم . ناۋادا ھويلىغا بىرەر ئىش بىلەن چىقىپ قالسام ئايىغىمنىڭ شىپىرلىغان ئاۋازى خۇددى ئارقامدىن بىرسى پايلاپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ ، قورقىنىمدىن يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالاتتى . بۈگۈن قورققاندەكمۇ بولمۇدۇم . غەزەپ - نەپرەت ، خورلۇق - ئازاب قەلبىمنى پارە - پارە قىلىۋەتكەن ئىدى .

ئارقا تەرىپىمدە ۋېلىسىپىتنىڭ قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى ، چىراغنىڭ يورۇقىمۇ چۈشتى . كەينىمگە قارايمۇ قويمۇدۇم . ئۇكام كەينىگە بۇرۇلۇپ تىترەك ئاۋازدا ھېلىقى يولۇچىغا :

— ئاكا بىزنى بىللە ئالغاچ كەتسىلە ، بەك قورقۇۋاتىمىز ، — دەپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى .

ۋېلىسىپىت توختىدى .

— رەناگۈل ، گەپ - سۆزسىز قايتىپ كەلگىنىڭىز نېمىسى ، ئادەمنى ئەنسىرىتىپ ، — دېدى ئۇ .

گېلىمغا بىر نېمە كەپلەشكەندەك بولدى ، ئىچىم ئاچچىق بولۇپ كەتتى ، گەپ قىلالمىدىم .

— ۋېلىسىپىتقا چىقىڭلار .

مەن گەپ قىلماستىن مېڭىۋەردىم ، ئۇ ئۇكامنى ۋېلىسىپىتقا چىقىرىۋېلىپ ۋېلىسىپىتنى يېتىلەپ ماڭدى . ئۇنىڭ كەيپى تولىمۇ چاغ كۆرۈنەتتى ، ھەدەپ ، تانسىنىڭ تېخى تۈگىمىگەنلىكى ، گۈلنار خانىمنىڭ

تانسنى خېلى ئۆگىنىپ قالغانلىقى ۋە باشقىلار ھەققىدە گەپ ساتاتتى .

— باشلىقنىڭ ئۇيقۇسى كېلىپ قالغان ئىكەن ، مەن ئۇلارنى ئۆيىگە ئاپىرىۋېتىپ ئاندىن كەلدىم ، — دېدى ئۇ ئۆزىچە گەپ باشلاپ .

— ئاندىن بىز ئېسىڭىزگە كەلدۇق ، شۇنداقمۇ ؟ — دېدىمەن ئاچچىقىمغا پايلىماي .

شۇنچە تارتىنچاق ، كىچىككىنە قىزنىڭ قەلبىدىن چىققان بۇ سادا ئۇنى ھەيران قالدۇردى ئېھتىمالىم ، ئۇ قەدىمىنى توختىتىپ ماڭا قارىدى .

باياتىن بۇلۇت كەينىگە يوشۇرۇنغان ئاي مانا ئەمدى جامالىنى كۆرسىتىپ يەر - جاھاننى يورۇتتى . ئۇنىڭ چىرايىنىمۇ ئېنىق كۆرسەتتى . مۇشۇ چىرايىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ قانچە كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەنلىرىمنى بىر ئۆزۈم بىلىمەن ، بىر خۇدا بىلىدۇ . بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇ چىراي بىر كېچىدىلا شۇنچە سولغۇن نەرسىدىن نەپرەتلىك نەرسىگە ئايلاندى .

بەرھەق ، يۇمران قەلب دەسلەپتە ئانچە كۆپ نەرسىلەرنى سېزەلمەيدۇ ، ئەمما ئۇلارنىڭ كۆڭلى مەلۇم بىر تۇيغۇغا ھاملىدار بولغان ئىكەن ، ئۇنى كىچىك بالا چاغلىقلى بولمايدۇ ، ئۇ تۇيغۇ ئۇنى چوڭ قىلىدۇ ، بالاغەتكە يەتكۈزىدۇ ، مۇھەببەت يولىدا جان پىدا قىلىش دەرىجىسىگىچە ئېلىپ بارىدۇ .

بۇ ئاخشام ماڭا بالىلىقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەشتىقى بىلەن ياشلىقنىڭ تۇنجى بوسۇغىسىنى ھەدىيە قىلدى . ھەممىدىن تولا ، ئاق - قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغان ئەقىل كۆزىگە ئېرىشتىم .

— توينى قاچان قىلىمىز ، رەناگۈلۈم .

— توي ، نېمە توي ، — دېدىمەن ئەجەبلىنىپ ، — مەن تېخى ئوقۇيدىغان تۇرسام .

ئۇ بىر نېمىدېمەكچى بولغاندەك ئاغزىنى ئۆمەللىگىنىچە ئالدىمغا ئۆتۈپ توختىدى . مەن ئۇنى يانداپ ئۆتۈپ كەتتىم ۋە باغنىڭ ئىشكى

ئالدىغا بېرىپ ئارقامغا بۇرۇلدۇم - دە، لېۋىمنى قاتتىق چىشلەپ تۇرۇپ:

— خەير - خوش، — دېدىم زەردە بىلەن. قەلبىمدە بولسا «خەير - خوش تۇنجى مۇھەببەت» دېگەن سادا جاراڭلىدى.

1989 - يىل 10 - ئاي، ئۈرۈمچى

# بىر قىزچاقنىڭ سەرگۈزەشتىسى

رابىيە بىر نەچچە كۈندىن بېرى بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتى، يوتقان كىرلىك، كارىۋات ياپقۇچلىرىنى يۇدى، ئۆيلەرنى ئاقارتتى، تاختايلارنى سۈرتتى؛ بۈگۈن، يۇيۇلغان نەرسىلەرگە دەزمال سېلىپ، ياستۇق قاپلىرىنى قاپلاپ، كارىۋات ياپقۇچلىرى بىلەن سافا تورلىرىنى تارتىپ ئۆينى بېزىدى. ئاندىن كۆڭۈلدىكىدەك بولدىمۇ - يوق دەپ بوسۇغىدا تۇرۇپ ئۆينى كۆزەتتى. تازا جايىدا بوپتۇ، خۇددى چەت ئەل مېھمانخانىسىدەك ھەممە جابدۇقلار، چىنە - قاچا، ۋازىلار ئۆز يېرىدە كۈننىڭ نۇرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ ۋاللىداپ تۇراتتى. پاكىزلىك نېمىدېگەن ياخشى! قىز ئازادىلىك، گۈزەللىكنى قەدىرلەيتتى.

مېھمان دېگەن ئۇلۇغ - دە، يېرىم كۈن ئولتۇرۇپ كېتىدىغان مېھمانغا مۇشۇنچىۋالا ھەشەم، تەييارلىق. بىراق، مېھمانلار كەتكەندىن كېيىن ئۆي ئىچى شۇنچە مەينەتلىشىپ كېتىدۇكى، قارىغۇڭ كەلمەيدۇ. دەزماللىغان داستىخانلار پۇرلەشكەن، لۆڭگىلەر كىرلەشكەن، قورۇما - تاماقلار تۆكۈلگەن، پوللار كەمپۈت قەغىزى، تاماكا قالدۇقلىرى بىلەن تولغان ...

قىز ئۆينى سىناق نەزىرىدە كۆزىتىپ، رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈمسىرىدى. ئۆينى كۆرسە ئاچىسى چوقۇم خۇشال بولىدۇ. «رەھمەت ئۇكام» دەپ ئەركىلىتىدۇ. ئاچىسىنىڭ مىجەزى بەك ياخشى، رابىيەنىڭ كىچىككىنە ئىشلىرىغىمۇ خۇشال بولۇپ ماختاپ كېتىدۇ. رابىيە ئاچىسىنىڭ قولىنى يەڭگىللىتىشنى ئويلاپ كەچكىچە تىنىم تاپمايدۇ. ئاچىسى كۈن بويى ئالدىراش يۈرۈيدۇ، ئەتىگەندە ئىشقا بارىدۇ، چۈشتە كېلىپ

غىزالىنىۋېلىپلا يەنە ئىشقا ماڭىدۇ. ئاچىسىنىڭ ئېرىمۇ شۇنداق. ئىشتىن كېلىپلا ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە مېھماندارچىلىقتا يۈگۈرەيدۇ، ئۇ يەردىن يېرىم كېچىدە چارچاپ كېلىدۇ، يېشىنىپ ئۆزىنى ئورۇنغا تاشلىغاندا «ئۇھ!» دېگۈچىلىكى قالمايدۇ.

رابىيەنىڭ قېيىن ئاكىسى قايسىدۇ بىر ئىدارىدە باشلىق. ئىشقا پىكاپ بىلەن بېرىپ كېلىدۇ. رابىيە يېزىدىن يېڭى كەلگەندە قېيىن ئا- كىسى ئۇنى ئاشۇ چىرايلىق پىكاپىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئۈرۈمچىنى بىر قېتىم ئايلاندۇرۇپمۇ چىققان. قىز بۇ شەھەرنىڭ مۇنداق يوغانلىقىنى ئويلىمىغان ئىدى. ئاچىسى ئۈرۈمچىنىڭ گېپىنى قىلغاندا «ھەرقانچە چوڭ بولسا، ناھايىتى بىزنىڭ ناھىيە بازىرىدەك ئىككى ـ ئۈچ چىقار» دەپ ئويلىغان ئىدى. شۇنداق ئىتتىك ماڭىدىغان پىكاپتا سائەتلەپ مېڭىپمۇ بۇ شەھەرنى ئايلىنىپ تۈگىتەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ ھاڭ ـ تاڭ قالغان رابىيە كېيىن ئېزىپ قېلىشتىن قورقۇپ بىرەر يىلغىچە بازارغا چىقىشقىمۇ جۈرئەت قىلال- ماي قالدى. ھازىر ئۇ يېقىن ئەتراپتىكى كوچا بازارلىرىنى بىلىۋالغان ئىدى، ئۇ يەردىن كۆكتات، نان، گۆش سېتىپ ئەكىرەلەيتتى. ئۆينىڭ كۈندىلىك سودا ـ سېتىقى ئۇنىڭ زىممىسىدە ئىدى. ئاچىسى ئۇنىڭغا بەكلا ئىشىنەتتى. قىز مەكتەپتە ئوقۇغان چاغلىرىدا ماتېماتىكىدا ئۆتكۈر- لۈكى بىلەن داڭ چىقارغان ئىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ ئالاھىدىلىكى بۇ يەردىكى سودا ـ سېتىقلاردا تازا ئەسقاتتى.

رابىيە بىر نەچچە كۈندىن بېرى مېھمان چاقىرىشقا لازىملىق نەر- سىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى تاللاپ سېتىۋالدى. بۇ سودىلىقلار ئاچىسىغىمۇ ياراپ، ماختاپ كەتتى. لېكىن، پېچىنىلەرنىڭ بىر ئاز ئۇش- شاق ۋە ئاز بولۇپ قالغىنىنى دېدى. ئاچىسىنىڭ ئېيتىشىچە، ھازىر پېچىنىلەرنى يوغان ۋە قېلىن ياساپ، بىر تەخسىگە ئىككى ـ ئۈچىنىلا قويىدىكەن. ھازىر مېھمانلار بەك تاۋى نازۇك بولۇپ كەتتى. شۇنچە ھەشەم بىلەن تەييارلىغان پېچىنە ـ پىرەنىكلەردىن كۆككۆل ئۈچۈن بول- سىمۇ بىرەر تال ئېلىپ ئاغزىغا سېلىپ قويىسچۇ، كاشكى. پەقەت

ئاچچىق - چۈچۈك قورۇمىلارنىلا قويماي يېيىشىدۇ . « شۇنداق بولسىمۇ ، داستىخان دېگەن مېھماننىڭ ئىززىتى » دەيدۇ ئاچىسى .

رابىيە قوشنىلارنىڭ يوغان ئانار گۈللۈك پېچىنە قېلىپلىرىنى سوراپ چىقتى . قايتىدىن خېمىر يۇغۇرۇپ ، پېچىنىلەرنى لىسقا تىزىپ ، دۇخوپكىغا سالدى . « شەھەر دېگەن غەلىتە بولىدىكەن ، — دەپ ئويلىدى ئۇ ، — سەھرا دېگەندە مېھمان چاقىرىدىغان بولساق ، ئىش مۇنداق گىجىلڭ ئەمەس . ساراي ، پېشايۋانلارنى سۇ سېپىپ سۈپۈرۈپ ، گىلەم ، شىرداقلارنى پەگاھقىچە سېلىۋەتسە ، ئۈستىگە ئۇزۇن يېكەندازلارنى ئايلاندۇرۇپ سالسا بولىدى . مېۋە - چېۋىنى دۇكاندىن ئەمەس ، سەھەردە باغدىنلا ئۈزۈپ ئەچىقىپ ، سۇ تولدۇرۇلغان كۆپ بار چاچاپنىڭ تېگىگە قويۇپ قويىدىغان گەپ ، مۇزدەك تۇرىدۇ . قاتلىما ، سامسىلارنى پىشۇرۇپ داستىخانغا ئوراپ قويۇشىدۇ . مېھمان كەلگەندىن كېيىن قولىغا سۇ بېرىپ ، ئاندىن چۈچۈلۈق داستىخانلارنى سالىدۇ .قايماق،مۇراببا،قەنت - گېزەك ، ياڭاق ، پىستە - بادامىلارنى بۇ يەردىكىدەك كىچىك تەخسىلەرگە ئەمەس ، چوڭ پەتنۇسلارغا سېلىپ ئەكىلىدۇ . سەھەردە ئۈزۈپ قويۇلغان قوغۇنلارنى كاسا قىلىپ ، تەخسىگە سېلىپ ، ھەر بىر مېھماننىڭ ئالدىغا بىردىن تارتىدۇ . مېۋە - چېۋىلەردىن كېيىن چاي قۇيىدۇ . ئاندىن كېيىن ، ئاش مانتا ، يوتازا ، قىيمىلىق ئۈگرە ... »

× × ×

مېھمانلار دېگەن ۋاقىتتىن بىر - ئىككى سائەت كېچىكىپ كېلىشتى . ئالدىدا كەلگەنلەر كېيىن كەلگەنلەرگە ئورنىدىن تۇرۇپ تەكەللۇپ قىلىشتى . ئەرلەر بىر بۇلۇڭغا يىغىلىۋېلىپ ، ئادەتتىكىدەك ، پالانى ئىدارىگە كىمنى بىرىنچى قول باشلىق قىلىپ قويغىنى ، كىمنىڭ قايسى ئىدارىدا پىچىقى كەسمەس باشلىق بولۇپ قالغىنى ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىشاتتى . ئاياللار بولسا سالاملاشقاندىن كېيىن ، ئادەتلىرى بويىچە

بىر بىرىگە زەن سېلىپ قارىشاتتى. تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن ئۆزلە-رىنىڭ گەپلىرىگە چۈشۈپ كېتەتتى. شۇ ئارىدا بىرەرسىنىڭ پوپايىكىسىنىڭ گۈلى ياكى پاسونى ھەممىنى قىزىقتۇرۇپ قالاتتى. قايسى ماگىزىندىن سېتىۋالغانلىقى، باھاسىنىڭ قانچە پۇل ئىكەنلىكى ھەققىدە گەپ بولاتتى ياكى بىرەرسىنىڭ مېغىزرەڭ توپلىيىنىڭ پاشنىسىنىڭ ئې-گىزمۇ ئەمەس، پەسمۇ ئەمەس، تازا جايىدا ئىكەنلىكى سۆزلىنەتتى. بۇ گەپلەرمۇ تۈگىگەندە ئورۇق - سېمىزلىك ھەققىدە مۇلاھىزىگە چۈشۈپ كېتىشەتتى. بۈگۈنمۇ ھەممە پاراڭنى ئۆزى باشلاپ، ئۆزى خۇلاسىلەيدىغان ھېيزەمنىڭ ئېغىزى ئېچىلدى، ئۇ ھەممىنى، ھەتتا ئەر-لەرنىمۇ ئۆز پارىڭىغا قىزىقتۇرۇشقا تىرىشىپ ئۈنلۈك پاراڭغا چۈشتى...

رابىيەنىڭ ئاچىسى قارا كۆز ئاسمانگۈل يالتىراق زەرلەر قويۇلغان قارا پوپايكا كىيىپ بەك ئېچىلغان ئىدى. ئاق يۈزى، قەلەم قېشى، قايرىلما كىرپىكلىرى ئۇنىڭغا گۈزەللىك بەخش ئېتەتتى. ئۇ بىرەر كۈنمۇ مېھ-ماندىن قالمايدىغان بولغاچقا، ئۆزىمۇ پات - پات مېھمان چاقىراتتى ۋە مېھماندوستلۇقى، داستىخىنىنىڭ موللۇقى بىلەن داڭ چىقارغان ئىدى. بۈگۈن ئۇ كۈننىڭ يېرىمىنى نازۇ نېمەتلەرنى، سالفېتكا قەغەزلىرىنى گۈل كەلتۈرۈپ تىزىش بىلەن ئۆتكۈزدى؛ قالغان يېرىمىنى ئۇستىبېشىنى نەچچە قېتىم يەڭگۈشلەپ، تېخىمۇ يارىشىملىق كىيىملەرنى تاللاشقا سەرپ قىلدى. قېشىنىڭ قارىلىقىنى ئاز دەپ قاشلىق ۋە سۈرمىلەرنى تارتتى، يۈزىگە ئاقارتىدىغان ماي سۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۇستىنى ئۇپىلىدى، لېۋىگە بې-غىررەڭ كالپۇك بويىقى سۈركىدى (ھازىر ئوچۇق قىزىل لەۋگىرىمى مودىدىن قالغان ئىدى). شۇ ئارىلىقتا «ئالدىراپ كېلىپ قالغان مېھ-مانلار» (بەلگىلەنگەن سائەتتە كەلگەن مېھمانلارنى كېچىكىپ كەلگەنلەر شۇنداق ئاتايتتى) نى رابىيە مېھمانخانىغا باشلاۋەردى.

ئاسمانگۈل ئۆزىنى تۈزەش بىلەنلا قالماي، رابىيەنىڭمۇ چېچىنى تاراشقا ۋە چەينەكنىڭ سايىقىدەك قىلىپ باتىلاشقا ۋاقىت چىقاردى. ئۆزىگە تار كېلىپ قالغان يېڭى ئەتلەس كۆڭلىكىنى ئۇنىڭغا كىيگۈزۈپ

قويدى . تېخى ئىسكەتى بۇزۇلمىغان هاۋارەڭ توپلىيمۇ رابىيەگە خوپ كەلدى . رابىيەنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي يۇزىگە پۇراقلىق ماي سۇرۇپ، ئەتىر چاچتى . رابىيە مۇنداق ئۆزىنى پەردازلاشنى ئادەت قىلمىغاچقا يۈزىنى تۇتۇۋېلىپ، مېهمانلارنىڭ ئالدىغا كىرگىلى ئۇنىمىدى .

— قىز بالا دېگەننىڭ ئانچە - مۇنچە ئۆزىنى تۈزەپ يۇرگىنىنىڭ زىيىنى يوق . ئۇستىبېشىڭ كىر، چاچلىرىڭ تارالمىغان تۇرسا، مېهمانلار «نەنىڭ دېدىكىكىن» دېمەمدۇ؟ ... مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە تۇشلۇق دوست - دۇشمىنىم بار . چىرايلىق كىيىنىپ بۇر، خېنىم، — دېدى ئاچىسى رابىيەنى ئەركىلىتىپ .

رابىيە ئىزا تارتىپ قىزاردى، ئاچىسى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، يۇزلىرىنى تاكى يۇز مېيىنىڭ پۇرىقى يىتكۇچە يۇدى - دە، ئۇستىبېشىدىن قورۇنۇپ يەرگە قارىغىنىچە ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى .

× × ×

توقۇز خىل قورۇما تارتىلىپ بولدى . ئونىنچى خىلغا ماي قۇيۇلۇۋاتقاندا هېيىزەم ئاشخانىغا كىرىپ، رابىيەنىڭ قولىدىن ساپلىقنى تارتىۋالدى .

— بولدى، قارا كۆز سىڭلىم، شىرەنىڭ قورۇما قويىدىغان يېرى قالمىدى .

— ئاچام ئۇنىماسمىكىن؟— دېدى رابىيە .

— ئۇ جاهىل بىر نېمىدېسە ماڭا دۆڭگەپ قوي . ئۆزۈڭمۇ قورۇما قورۇشقا تولىمۇ ئۇستا بولۇپ كېتىپسەن ... مېهمانلار ناخشا - ئۇسسۇلغا چۇشتى، بىردەم تاماشا كۆر .

هېيىزەم گاز ئوچاقنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈپ، رابىيەنى باشلاپ چىقتى، رابىيە كارىدوردا تۇرۇپ، مېهمانخانىدا ناخشا - ئۇسسۇلغا چۇشكەن خۇش خۇي مېهمانلارغا قارىدى . پۇتون كۇن تۇجۇپلەپ تۇ-

زىگەن داستىخان مالىماتاڭ بولۇپ كەتكەن، تەخسلەر ئۈستى - ئۈستىگە بولۇشىغا دەستىلەنگەن، شىرە كارىدورغا چىقىرىپ تاشلانغان ئىدى. ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۇسسۇل سورۇنى تەييارلانغان ئىدى. قائىدە بويىچە ئۆي ئىگىسى باشلاپ بېرىدىغان بولغاچقا، دەسلەپتە ھابىل ئاكىسى بىلەن ئاسمانگۈل تانسىغا چۈشتى. ئۇلار لەرزان ئويناپ ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە، ئاسمانگۈل قاپىقىنى تۈرۈپ، رابىيەگە قېشى بىلەن نېمىنىدۇر ئىشارەت قىلدى. رابىيە يەنە بىرەر ئىش بارمىكىن دېسە، مېھمانلار يەپ - ئىچىشتىن توختاپ ئۇسسۇلغا چۈشكەن ئىدى. ئۇ ئۆزىدىن خۇدۇكسىنىپ، تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ ئەينەككە قاراپ باقتى. ئەينەكتىن پېشانىسىگە چاپلىشىپ كەتكەن چۇۋۇق چاچلار ۋە دىققەتسىزلىكتىن يۈزىگە سۈرتۈۋالغان قارىنى كۆرۈپ خىجىل بولۇپ كەتتى...

ۋاقىت يېرىم كېچىگە يېقىنلاشتى. مېھمانلار تېخى چارچايدىغاندەك ئەمەس ئىدى، ئۇسسۇل، تاماشا بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقىۋاتاتتى. ئىچىپ قىزىۋالغان ئەر مېھمانلارنىڭ بىرى ئۇسسۇلغا چۈشۈۋېلىپ تاكى خوتۇنى تارتىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويمىغۇچە ئويناۋەردى. مېھمانلارنىڭ كەيپىياتىغا قاراپ تۇرغان رابىيەنىڭ بۇلارنىڭ تېخى ئۈچ - تۆت سائەتسىز ئۆزىماسلىقىغا كۆزى يەتتى. تاماقنا تەييارلىناي دېسە، ئۆتكەن قېتىمقىدەك تاماقنىڭ پات تەييار بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى. ئۆتكەن قېتىمدا مېھمان چاقىرغاندا رابىيە كۈندۈزى پولونىڭ سەۋزىسىنى توغراپ ھەممە تەييارلىقنى قىلىپ قويغاچقا، ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە سەۋزىنى قورۇپ سۇ قۇيدى، گۈرۈچنى سالايمۇ، سالمايمۇ دەپ ئاچىسىنى چاقىرىپ سورىغان ئىدى، ئاچىسى چىلاپ قويۇلغان گۈرۈچنى كۆرۈپ: «ئۇكام بۇ نېمە قىلغىنىڭ، ئاش پات تەييار بولۇپ قالسا، مېھمانلارنى يەيدىغىنىڭنى يەپ، ئۆيىنى بىكار قىل، دېگەنلىك بولمامدۇ؟» دەپ رەنجىگەن ئىدى. تۇرۇۋېرەي دېسە، يەپ - ئىچىپ ئويناپ تۇرغانلارنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىگەن بىلەن، مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەلەكچىلىكىدە تۇزۇك ئارام ئالالمىغان رابىيەنىڭ ئۇيقۇسى راسا كېلىۋاتاتتى.

كـۆزلـىرى خۇددى شىلىم سۇركەپ قويغاندەك ئىختىيارسىز يۇمۇلاتتى . ئۇ ئاشخانىغا كىرىپ يۈزلىرىنى يۇدى ، تالاغا چىقىپ ئىشىك ئالدىدا سالقىندا تـۇرۇپـمۇ باقتى ، لېكىن بۇ ئۇيقۇنىڭ رەھىمسىز چاڭگىلىدىن قۇتۇلىدىغاندەك ئەمـەس ئىـدى . ئۇ كـارىدوردا مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىگە يۆلىنىپ ئۆرە تۇردى ، كۆز ئالدىغا سەھرادىكى ئۆيى كەلدى .

سـەھرادىـكىـلـەر خۇپتەنـدىـن كېـيـىـنـلا مـۇھـىـم ئـىش ـ كـۈشـى بـولـمىسا ، چىراغنى ئۆچۈرۈپ ئۇخلايدۇ . ئەل ياتقۇدىن كېيىن يـاكـى بۇ يەرنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا سائەت ئون ـ ئونبىردىن كېيىن ، يـېـزىـنـىـڭ كـوچـىـسـىـدا ئۆرە يـۈرىدىغان ئادەم قالمايدۇ . جىمى ئەتراپ جـىـمـجـىـتـلـىـقـقا چۆكىدۇ ، پەقەت يىراق ـ يىراقلاردا قاۋاپ قويىدىغان ئـىتلارنـىـڭ ئاۋازى بـۇ جـىـمـلـىـقـنـى بـۇزىـدۇ . سـۈزۈكلۈكىدىن ئېگىز كـۆرۈنـىـدىـغان ئاسماندىكى ئاي ھامىلىدار چوكاننىڭ يۈزىدەك دېغى بار جامالىنى دەل توكلۈك ئۈستىدىن كۆرسىتىدۇ ....

رابـىـيـە مـېـھـرىبان ئانىسىنى ئەسلىدى ، ئايۋاندىكى كەڭ سۇپىدا ئانـىـسىنىڭ ئىللىق نەپىسى يۈزىگە تەگكەندەك بولدى . مانا ئانىسى ئۇنىڭ بـۈزىـنى ئىككى قولى بىلەن تۇتۇپ پېشانىسىگە سۆيمەكچى بولىدۇ ، رابىيە بولسا ئۇيقۇدىن كۆز ئاچالمايدۇ .

— قـازانـنـى ئاسـقىن ، مېھمانلارنىڭ قورسىقى ئېچىپ قالدى ، — دەيدۇ ئانىسى رابىيەنى تۇرۇشقا ئۈندەپ .

— ئۆزۈڭ قىلغىنا ، — دەيدۇ ئۇ ئانىسىغا ئەركىلەپ .

— رابـىـيـە ، رابـىـيـە ، — دېگەن ئاۋازدىن رابىيە ئۆزىگە كەلدى . ئاسمانگۈلنىڭ نازۇك قولى ئۇنى تۇرتۇپ ئويغاتقان ئىدى .

— تـوۋا خـۇدايـىـم ، قـانـداق قـىـزسـەن ، — دېـدى ئاسمانگۈل ھەيـرانـلـىـقـتـا كـامـاندەك قېشىنى كۆتۈرۈپ ، — شۇنچە خەقنىڭ ئالدىدا ئـىـشـىـككە يۆلىنىپ ئۇخلىغانمۇ بارمۇ ، بول قازاننى ئاسقىن ، خەقنىڭ قورسقى ئېچىپ ئۈچىيى تارتىشىپ كەتتى .

رابـىـيە خىجىل بولدى ، ئىككى قولى بىلەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى ،

يۇزىنى يۇدى. مېھمانلارنىڭ تېخىچە ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئەجەب-لەندى. گاز ئوچاققا ئوت يېقىپ قازاننى ئاستى، ماينى قۇيدى...

مېھمانلار رابىيە ئەتكەن پولونى ئىشتەي بىلەن يېيىشتى. پەمىدۇر، لازا ۋە تەرخەمەكتە ئەتكەن سوغۇق سەي تاماققا بۆلەكچە تەم كىرگۈزۈپ ئىشتەيلەرنى تېخىمۇ ئېچىۋەتتى.

مېھمانلار تارقىغاندا ئەتىگەن سائەت ئالتە بولۇپ، كوچىلاردا ئاپ-تاپسۇلار قاتناشقا باشلىغان ئىدى.

× × ×

بۇ يىلقى قۇربان ھېيت يازنىڭ تازا ئىسسىق كۈنلىرىگە توغرا كەلدى. رابىيە ئۆپكە، كاللا - پاقالچاقلارنى پۇراپ قالمسۇن دەپ، ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى كەچتە ئۇلارنى بىنانىڭ ئالدىدىكى سۇ تۇرۇبىنىڭ قېشىغا ئېلىپ چۇشتى. ئۆيدە يۇغان بىلەن سۇ تۇرۇبىغا بىرەر نەرسە تۇرۇلۇپ قېلىشى ياكى ئۆي ژىن پۇراپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ھېيت بولۇشىغا قارىماي كوچىدا ئادەم يوق دېيەرلىك ئىدى، خەقلەر بەلكىم ئۆيىدە ھېيت قىلىۋاتسا كېرەك. رابىيە ئۇچەي، قېرىنلارنى يۇيۇپ تازىلىدى، ئۆپكىنى قانسىراتتى، كاللا - پاقالچاقلارنى كوچا چىرىغىنىڭ يورۇقىدا تازىلاپ بولدى. ئاچىسى ياكى ئاكىسىنىڭ چىقىپ بۇ نەرسىلەرنى كۆتۈرۈشۈپ ئەكىرىپ بېرىشىنى كۈتۈپ بىردەم ساقلاپ ئولتۇردى. بىنا-دىن ھېچكىم چۈشمىدى. ھېچ بولمىسا ئوغۇل ئۇكىلىرىدىن بىرەرسى بولسىمۇ چۈشمىگەنلىكىگە ئۇ ھەيران بولدى. نەرسىلەرنى بىر - بىرلەپ ئەكىرىپ كېتەي دېسە، ئىت - مۈشۈكلەرنىڭ چېپىلىپ قويۇشىدىن قورقاتتى؛ ساقلاپ تۇراي دېسە، بىنادىكى چىراغلار ئارقا - ئارقىدىن ئۆچۈپ كوچا قاراڭغۇلىششقا باشلىدى، ئۇ غەيرىتىگە ئېلىپ يوغان داسنى كۆتۈردى. داستىكى كاللا - پاقالچاق، ئۇچەي - قېرىنلار ئېغىر ئىدى. ئانىسى بولسا، مۇنداق ئېغىر نەرسىنى ھەرگىز كۆتۈرتمىگەن بولاتتى. يېزىدىكى ۋاقتىدا رابىيە ئانىسى بىلەن قوناقلىققا ئوت ئالغىلى چىققاندا،

يۆگىمەچ، چۈجگۈنلەرنى قاپقا چىگداپ تىقىپ، كۆتۈرۈپ ئەكەتمەكچى بولغاندا ئانىسى ئۈنىمايتتى، «كۆتۈرمە، قىز بالا دېگەن ئېغىر نەرسە كۆتۈرسە بولمايدۇ!» دەيتتى.

رابىيە ئېغىر داسنى كۆتۈرۈپ بەشىنچى قەۋەتكە ئېلىپ چىققۇچە قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتى. داسنى يەرگە قويمايلا مۈرىسى بىلەن ئىشىكنى ئىتتەردى، ئىشىك ئېچىلمىدى. ئىشىكنىڭ ئېتىلىپ قالغانلىقىنى بايقاپ، ئىشىكنى قاقتى. ئۆي ئىچى جىمجىت ئىدى. ئۇ قاراڭغۇ كارىدوردىن قورقۇپ يىغلىۋەتتى ۋە ئىشىكنى جېنىنىڭ بارىچە مۇشتلاشقا باشلىدى،بىر چاغدا يەتتە ياشلاردىكى ئوغۇل ئۇكىسى ئىشىكنى ئاچتى ـ دە، رابىيەنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتا كۆزلىرىنى چەكچەيتتى.

ـــ رابىيە ئاچا، بۇ چاغدا تالادا نېمە ئىش قىلدىڭ؟

رابىيە گەپ قىلمىدى. ھېچكىمنىڭ، ھەتتا ئاچىسىنىڭمۇ ئۇنىڭ تالادا ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالماي، چىراغنى ئۆچۈرۈپ ئۇخلاپ كەتكىنىنى كۆرۈپ سەل كۆڭلى بۇزۇلدى، ئانىسى بولغان بولسا...

يېزىدىكى چاغلىرىدا گاھى ئايدىڭ كېچىلىرى تالا كۈندۈزدەك يورۇپ كېتەتتى، خېتى ئوچۇقراق كىتاب بولىدىغان بولسا ئوقۇشقىمۇ بولغۇدەك ئايدىڭ بولاتتى. شۇنداق چاغلاردا كەنتنىكى ئوغۇل ـ قىز بالىلار مەھەللىدىكى دۆڭ كۆلنىڭ بويىغا يىغىلىشاتتى، مۆكۈشمەك ئوينىشاتتى. ئوينىمىغان ئويۇن، ئېيتىمىغان ناخشا قالمايتتى؛ ھەتتا «كىم قورقاق» دېيىشىپ، مەھەللىنىڭ چېتىدىكى مازاردىن ئۆتۈشكە بەسلىشەتتى. شۇ چاغلاردا رابىيە باللارنىڭ مەسخىرە قىلىشىدىن ۋە «قىز بالا دېگەن قورقۇنچاق» دېگەن نامغا قېلىشتىن قورقۇپ، مازارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يولدىن مازارنىڭ چېتىدىكى قېرى ئۈجمە دەرىخىگىچە بېرىپ قايتقان ۋە ئەتىسى ئاغزى بۇرنىغا قورقاق چىقىپ ئۈچ كۈن ياتقان ئىدى. شۇنداق چاغلاردا ئانىسى ئېتىزمۇ ئېتىز، دۆڭمۇ دۆڭ ئىزدەپ يۈرۈپ ئۇنى تاپاتتى، ئۆيىگە قايتۇرۇپ كېتەتتى. بۇ يەردە ئىش يېزىنىڭ ئەكسىچە ئىدى، كىچىك باللار نامازشام بولا ـ بولمايلا ئۆيىگە يىغىلى-

شىپ تېلېۋىزورنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇشىدۇ. تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرۇپ كەچكى تاماقنى يېيىشىدۇ ۋە شۇ يەردىلا مۈگدەشكە باشلايدۇ. رابىيە ھەر كۈنى ئۇكىلىرىنى ئاشۇ يەردىن كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ ئورنىغا ياتقۇزىدۇ. ئاچىسى بىلەن ئاكىسى بۇ چاغدا يا تىياتىردا، يا مېھماندا بولۇپ، رابىيە ئۇخلاپ قېتىپ قالغاندا ئۆيگە قايتىشىدۇ.

× × ×

ئاۋغۇست ئېيى تۈگەپ، سېنتەبىر كىردى. ئۇكىلىرىدىن ئىككىسى بۇ يىل مەكتەپكە باردى. بىر نەچچە كۈندىن بېرى ئۇلارنىڭ دەپتەر، قەلەم، كىتابلىرىنى تەييارلاپ مەكتەپكە جابدۇۋاتقىنىنى كۆرگەن رابىيەمۇ ئۆزىنىڭ پەستىكى ئامبارنىڭ تېمىغا ئېسقلىق جىلتىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى كىتاب ـ دەپتەرلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. بوقچىسىغا تۈتۈلۈك توپا قونۇپ، كىتابلار سارغىيىپ كەتكەن ئىدى. توپىلارنى قاقتى، كىتابلارنى بالىنى سىيلىغاندەك سىيلاپ، قاتلاق ـ قورۇقلىرىنى تۈزىدى. بۇ كىتابلار ئۇنىڭغا سەھرادىكى ئۆيىنى ۋە مەكتىپىنى ئەسلەتتى. ئۇلار ئۆز كەنتىدىكى مەكتەپتىن قوشنا يېزىدىكى مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى ياخشى، دەپ يولنى يىراق كۆرمەي، شۇ يەرگە ئوقۇشقا باراتتى. يولدا بارغۇچە بەك كۆڭۈللۈك ئىدى. يازدا كۆك ئېرىق، باغ ئېرىق مەھەللىلىرىدىن ئۆتۈپ، ئون ئېرىق يېزىسىنىڭ باغۇ بوستانلىرى كۆرۈنگۈچە، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردىن كېچىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. يول بويى ئازغاننىڭ قىپقىزىل مېۋىلىرى كۆزنى چاقنىتاتتى. قىزلار ئازغاننىڭ مۇنچاقلىرىنى تىزىپ، يىپقا ئۆتكۈزۈپ مارجان قىلىپ ئېسىۋالاتتى. شاخلىرى يولغا ساڭگىلاپ چۈشكەن ئۆرۈك، توغاچلارنى پۇتاپ، پىششىق ـ توڭ دېمەي غاجىلاپ مېڭىشاتتى. چوكانىيارغا يەتكەندە تېخىمۇ كۆڭۈللۈك ئىدى. يارنىڭ يانباغرىدا ئۆسۈپ كەتكەن چىلانلار قىزىرىپ پىشىپ كۆزنىڭ يېغىنى يەيتتى، ھەتتا قىشنىڭ كۈنىمۇ شېخىدا قۇرۇپ قالغان چىلانلارنى ئۇچرىتىشقا، تېرىۋېلىشقا بولاتتى. مەكتەپكە بارغۇچە

باللارنىڭ قويۇن - بوقچىلىرى مېۋىلەر بىلەن تولاتتى. شېخنى يېرىۋەتمىسىلا ھېچكىم ھېچنېمە دېمەيتتى. مەكتەپتە قوپال، ئۇزۇن بەندىگىلەردە قىستىلىپ ئولتۇرۇپ دەرس ئوقۇشلار قانداق كۆڭۈللۈك ئىدى
- ھە! رابىيە زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى بىلەن ھەممە ئوقۇتقۇچىنىڭ ئامراق-لىقىنى كەلتۈرەتتى.

ئۇلارنىڭ يېزىسىنى «قاراباغ» دەيتتى. يېزىنىڭ پۈتۈن ئەتراپى باغلىق ئىدى. قاراباغ، قاراڭغۇ باغلار نەقەدەر چىرايلىق ئىدى. يېزىدىكى كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ توك سەرپىياتى ئاز بولسا كېرەك، سائەت ئوندىلا توك تۈگمەنلىرى، ياغ زاۋۇتىدىن باشقا ھەممە جايدىكى چىراغلار بىراقلا ئۆچەتتى. رابىيە دەرس تەييارلاپ بولالمىسا يىغلاپ غەلۋە قىلاتتى. شۇنداق چاغلاردا ئانىسى پاختىدىن پىلىك ئېشىپ، زىغىر مېيىنى چويۇن چىراغقا قۇيۇپ، رابىيە تا دەرسنى تەكرارلاپ بولغۇچە قېشىدا تۇتۇپ ئولتۇراتتى. قىزىنىڭ ساۋات چىقىرىپ ئېلىپبەنى ھەجىلەپ ئوقۇغىنىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدىن جېنى ئىچىگە پاتماي قالاتتى.

«ئانا، نان ...» دەپ ئوقۇيتتى رابىيە ھەجىلەپ، خەتتونۇپ، كى-تاب ئوقۇغان قىزىغا ئانىنىڭ مەسلىكى كېلىپ، ئىچى كۆيۈپ «موللا خېنىم» دەپ ئەركىلىتىپ كېتەتتى.

«ھەي! — ئۆكۈندى قىز، — قاچانمۇ مەكتەپكە بارارمەن؟»

ئاچىسىغۇ مەكتەپكە بارمايسەن، دېگىنى يوق. بىراق، مەكتەپكە باراي دېگەنىبىلەن ئۆيدىكى كىچىك ئۇكىسىغا كىم قارايدۇ، ئاچىسى بىلەن ئا-كىسى خىزمەتتە. چوڭ شەھەردە تۇرمۇش ياخشى، باياشات دېگەنىبىلەن، كۆڭۈل ئۆتكۈزمەك تەس جايلارمۇ بار ئىكەن. سەھرا دېگەندە خەقنىڭ ئون بالىسى بولسىمۇ توپىدا ئويناپ - يۇمىلاپ چوڭ بولۇۋېرىدۇ. ھەممە ئادەمنىڭ ئۇرۇق - تۇغقىنى، قولۇم - قوشنىلىرى ئۆيدە بولغاچقا، خىزمەت قىلىدىغان ئادەمنىڭ بالىسىغا قارايدىغان ئادەم چىقماي قالمايدۇ. بۇ يەردە ئەر - خوتۇن ھەممىسى خىزمەتكە كېتىدىغان بولغاچقا، ئۆيدە ئۇششاق باللارلا قالىدۇ. ئۇلارغا قارايدىغان ئادەم بولمىسا قانداق بولىدۇ؟

ئاكىسى بىلەن ئاچىسى بالا باقىدىغان ئادەم تاپالماي جىق ئاۋارە بولغىنىنى ئېيتتىغۇ.

يەسلى دېگەنمۇ قىزىق يەر ئىكەن. بالا ئۆزى تاماق يېيەلگۈدەك، هاجىتىدىن چىقالىغۇدەك بولغاندا ئاندىن ئالىدىكەن. ئاڭغىچە قانداق قىلىدىغان گەپ. ئەسلىدە ئىش ئوڭ بولسۇن دېسە دەل بۇنىڭ تەتۈرىسىنى قىلىش كېرەك ئىدى. بالا بوۋاق چېغىدا يەسلىدە تۇرسا، ئۆزى ئاش - نان يېيەلگۈدەك بولغاندا، يۇرتقا ئاپىرىپ تۇغقانلارنىڭكىدە قويسىمۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ ... رابىيە مەكتەپكە بېرىش ئۈچۈن يەنە ئىككى يىل ساقلىشىنى چۈشەندى. يەنە ئىككى يىلدا ئەڭ كىچىك ئۇكىسى يەسلى يېشىغا توشىدۇ. ئۇ چاغدا رابىيە ئۆزىنىڭ سەل كەم 16 ياشقا كىرىپ قالىدىغىنىنى چۈشەندى. 16 ياش، ياخشى ئوقۇغان مەكتەپ بالىسى 16 ياشتا تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ داشۆگە كىرىدۇ. رابىيە بولسا قانچىنچى سىنىپقا كىرىپ ئوقۇيدۇ، 5 - سىنىپقىمۇ؟ 4 - سىنىپتىن چىققان كىچىك باللارنىڭ ئارىسىدا 16 ياشلىق قىز بالا قانداق ئوقۇيدۇ؟ ...

× × ×

سەھەردە چۆچۈپ ئويغانغان رابىيە كۆزىنى ئېچىپلا تام سائىتىگە قارىدى. سائەت بەشتىن 30 مىنۇت ئۆتۈپ كېتىپتۇ، سۈتچى ئاللىقاچان كېلىپ بولغاندۇ. سۈتنى بالدۇر ئەكىلىۋالمىسا، ئۇزۇندىن ئۇزۇن ئۆچىرەتتە تۇرىدىغان گەپ، ئۇ چاغدا ئۇكىلىرىنىڭ چېيى ئۈلگۈرمەيدۇ، ئاچىسى بىلەن ئاكىسىمۇ كېيىن قوپىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئاخشاممۇ كەچ كەلدى - دە. ئاچىسى ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن ئورنىنىمۇ يىغىشقا ئۈلگۈرەلمەيدۇ. يۈزىنى يۇيىدۇ، بۇدرە چاچلىرىدىكى قىسقۇچلارنى ئېلىۋېتىپ تارايدۇ، يۈزىگە ماي، ئۇپىلارنى سۈرتىدۇ، قاشلىرىغا قاشلىق، قارا كۆزلىرىگە سۈرمە سۈرتىدۇ. بۇ ئىشلارنى قىلىپ بولغۇچە هابىل ئاكىسى «ماشىنا ساقلاپ قالدى» دەپ ئالدىرىتىدۇ. دېمىسىمۇ ماشىنا ساقلاپ قالسا بولمايدۇ - دە. ئاچىسى ئەتىگەنكى

ئالدىراشچىلىقتا ھەتتا پايپىقىنىمۇ تاپالمايدۇ ، پايپاق باغلايدىغان رېزىنكىنى بالىسى ئويناپ كارىۋاتنىڭ ئاستىغىمۇ ياكى بىر يەرگە تاشلىۋەتكەن بو-لىدۇ . رابىيە كارىۋاتنىڭ ئاستىغا كىرىپ ئۇنى تېپىپ چىققۇچە ، ھابىل ئاكىنىڭ جېنى چىقىدۇ . ئاسمانگۇل ئالدىرىتىپ كېتىۋاتقان ئېرىگە چالۋا-قايدۇ :

— كېتىۋېرىڭە ، ئادەمنى تويغۇزماي ، كوچا ئاپتوبۇسىدا بېرىۋېرىمەن ، پۇتۇم يوق توكۇرمىدىم مەن .

شۇنداق دېسىمۇ ئۇ يەنە پىكاپقا چىقىدۇ . ئىشىك ئالدىدىكى ما-شىنىدا ئولتۇرماي چوڭ كوچىدىكى باس - باس ئاپتوبۇسقا ئولتۇرغىلى سارالمۇ .

× × ×

رابىيەمۇ ئەسلىدە غەمسىز بالا ئىدى . ئۇنى ئانىسى مەكتەپكە يولغا سالاتتى . يازنىڭ كۈنى تال باراڭنىڭ ئاستىدىكى كارىۋاتتا ياتقانلىرى ئېسىگە چۈشتى . ئەتىگەندە ئانىسى ئۆي ، ھويلا - ئاراملارنى يىغىشتۇر-غاندا ئۇنى ياتقان ئورنىدىن كۆتۈرۈۋېلىپ ، تال باراڭغا سېلىنغان سەگۈنچەككە سېلىپ قوياتتى . سەگۈنچەكتە ئۇخلاش نېمىدېگەن را-ھەت ! ئۇيقۇڭ قاچاي دېسە ، سەگۈنچەكنى يەنە تەۋرىتىۋەتسەڭ ، گويا بۆشۈكتىكى بوۋاقنى ئەللەي ئەتكەندەك ئادەمنى ئۇيقۇ باسىدۇ . ھەر قانداق ئوبدان نېمە بېرىمەن دېسىمۇ ، ئەتىگەنلىك ئۇيقۇسىنى قويۇپ ئورنىدىن قوپۇپ كېتىدىغان بالا يوق . ئۇخلىسا ، ئۇخلىسا ، ئويغانمىسا . مۇنۇ كۈنىمۇ ھارۋىنىڭ چاقىدەك بولۇپ چىقىۋالماي ، تاغنىڭ كەينىدە يېتىۋەرسە ، را-بىيە قاچانغۇچە ئۇخلايتتىكىن ... قوناقلىقتىن تىك بىر تاغار ئوت ئېلىپ قايتقان ئانىسى سەگۈنچەكتە ياتقان رابىيەنى كۆرۈپ مەسلىكى كېلىپ قارايتتى . تاغاردىكى ئوتنى ئېغىلنىڭ ئالدىغا تاشلاپ ، سەگۈنچەككە يېقىن كېلەتتى . بىر قۇياشقا ، بىر قىزىغا قاراپ « ئويغىنتايمۇ ، ئويغاتمايمۇ » دېگەندەك ئىككىلىنەتتى . ئاخىرى ، ئويغىنىش ئۈچۈن قىزىنىڭ يۈزىنى

سىيلايتتى . پېشانە ، بويۇنلىرىغا سۆيەتتى . رابىيە ئويغىنانتتى . ئانىسىنىڭ ئۆزىگە ئېڭىشىپ قاراپ تۇرغىنىنى بىلىپ تۇرۇش قانچىلىك هۇزۇر ، ئۇ ئۇخلىغان بولۇۋېلىپ كۆزىنى ئاچماي يەنە بىردەم ياتاتتى . ئانا ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنى بىلگەچكە ، كۈلكىسى كېلىپ تۇرسىمۇ بىلمىگەنگە سېلىپ ، ئۆ- زىچە غودۇڭشىيتتى :

— قاچانغىچە ئويغانمايدىغاندۇ بۇ بالا . باللار مەكتەپكە كەتكىلى نەۋاخ .

رابىيە چاچراپ قوپۇپ ئانىسىغا گىرە سالاتتى . ئانىنىڭ يۇمشاق مەڭزلىرىگە ، ئاغزىغا ، قىسقىسى ، نەرى توغرا كەلسە شۇ يەرلىرىگە سۆ- يەتتى . ئانىنىڭ يۈرىكى شۇررىدە ئېرىپ ، كۆزلىرىگە ياش كېلەتتى . بۇنداق چاغدا « خۇدايىم ، يامان كۆزلەردىن ساقلىغىن ، تېنىنى سالامەت قىلغىن ! خەقنىڭ بالىسىغا خەقنىڭ ئېچى كىرمەيدۇ ، ئۆزىنىڭ ئېچى كىرىدۇ » دەيتتى . ئۇ ئىسىرىق سېلىپ قىزىنىڭ باش - كۆزىدىن ئۆ- رۈيتتى . كالا ، ئۆچكىلەرنى سېغىپ بولۇپ ، بايا قوناقلىقتىن ئالغان يۆگىمەچ ، چۈجگۈن ئوتلارنى مەرەپ قورۇنى بېشىغا كىيگەن قوي - قوزىلارنىڭ ئالدىغا تۆكەتتى . رابىيە ئۇلارنىڭ قىزغىنىشىپ ، بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ ئوت يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ زوقلىناتتى .

ئىخ ! نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك چاغلار ئىدى ئۇ . ئارىدىن بار - يوقى ئۈچ يىللا ئۆتكەن بولسىمۇ ، رابىيەگە گويا مىڭ يىل ئۆتۈپ كەتكەندەك ، ئۆزى كىچىك بالىدىن بىر ئۆزگىرىپلا قېرى كىشىگە ئايلى- نىپ قالغاندەك تۇيۇلدى . بۇ كۈنلەردە رابىيەنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشتى . رابىيە دادىسىنى بىلمەيتتى . ئانىسىنىڭ ئېيتىشىچە ، رابىيەنىڭ دادىسى ئۇ كىچىك چاغدا ئۆلۈپ كەتكەن ئىكەن . ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن كۈنى رابىيە زادى ئۇنتۇمايدۇ . ئانىسى بىر كەچقۇرۇن ئېتىزدا ئوت ئېلىۋېتىپ ، تۇيۇقسىزلا يىقىلىپ قالغان ئىدى . رابىيە مەكتەپتىن كەل- گەندە ، ئانىسى كالپۇكلىرى كۆكەرگەن هالدا هويلىدىكى كارىۋاتتا ياتاتتى . يېزىدىكىلەرنىڭ هاۋۇنى قانداق قاتقانلىرىنى ، ئانىسىنى دوخ-

تۇرخانىغا قانداق ئېلىپ بارغانلىرىنى، دوختۇرخانىدا دوختۇرلارنىڭ ئۇنى تاشقىرىغا چىقىرىۋەتكەنلىكىنى ئېسىگە ئالالايدۇ. لېكىن قانداق قىلىپ كېيىن ئانىسىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ يەنە ئۆيدە پەيدا بولۇپ قالغىنىنى ئەسلىيەلمەيدۇ. بۇ چاغدا هويلىغا نۇرغۇن ئەر - ئاياللار يىغىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا رابىيە نېمە بولغىنىنى بىلمەي داڭ قېتىپ تۇراتتى ۋە خەقلەرنىڭ ئۇنىڭ بېشىنى نېمىشقا سىيلاپ يىغلاپ كېتىشلىرىنى، ھەممە ئادەم كىرىپ كېتىۋاتقان تۆردىكى ئۆيگە ئۇنى نىمىشقا كىرگىلى قويمايۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيتتى. هويلىدىن جىنازىنى كۆتۈرۈشۈپ تالاغا ئېلىپ ماڭغاندا، جىنازىنىڭ كەينىدىن يىغلاپ، ۋارقىراپ يۈگەرگىنى ۋە خەقلەرنىڭ ئۇنى قويۇپ بەرمەي تۇتۇۋالغىنى ئېسىگە چۈشسە ئۇ هېلىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايتتى...

شۇ ئىشلار ئۆتۈپ نەچچە كۈنلەردىن كېيىن مۇشۇ ئاچىسى ئۈرۈمچىدىن كەلدى. ئۇ ئانىسىنىڭ «بىر ئاچاڭ ئۈرۈمچىدە» دېگىنىنى بىلەتتى. ئاچىسى كېلىپ بىر قانچە كۈن تۇردى، قائىدە بويىچە نەزىر بەردى، ئاتا - ئانىسىنىڭ بېشىدا خەتمە - قۇرئان قىلدۇردى. ئاخىرىدا بۇ يوغان، هۇۋۇلداپ قالغان هويلىنى تۇغقانلىرىغا تاپشۇرۇپ، رابىيەنى مۇشۇ چوڭ شەهەرگە ئېلىپ كەلدى. ئاچىسىغۇ ياخشى، ئاكىسىمۇ بەك ئوبدان. بۇلاردىن نارازى بولىدىغان يېرى يوق، ئۇنى تىللايدىغان، كەمسىتىدىغان هېچكىم يوق. بۇ ئۆيدە ئۇنىڭ قىلغان ئىشى ھەممىسىنى خۇشال قىلىدۇ. بىراق رابىيەنىڭ كۆڭلىنىڭ بىر يېرى يېرىم ئىدى. ئەتىگەندە ئۇ ئاچىسى، ئاكىسى، ئىككى ئۇكىسىنى يولغا سالغاندىن كېيىن ئۈچىنچى ئۇكىسى بىلەن قالىدۇ. ئۇنى بىردەم ئويناتقاندىن كېيىن، ئۆي تازىلاشقا كىرىشىدۇ.

بىر كۈنى ئۇ چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئۆي يىغىشتۇرۇپ بولۇپ ئامبارىدىكى سومكىسىنى ئېلىپ چىقتى. هېساب كىتابىنى ئېلىپ كۆنۈكمىلەرنى ئوقۇشقا ۋە يېشىشكە ئۇرۇندى. كۆپىنى ئۇنتۇپ كېتىپتۇ. قوللىرىمۇ خەت يېزىشقا كۆنۈكمەي بىردەمدە تېلىپ ئاغرىشقا باشلىدى. شۇنداقتىمۇ

ئۇ ئوقۇش - يېزىشتىن توختىمىدى. مەكتەپتىن بالدۇر كەلگەن ئۇكىلىرى ئۇنىڭ ھېساب ئىشلەۋاتقىنىنى كۆرۈپ بىردەم قاراپ تۇردى. ئىككىنچى ئۇكىسى بەك زېرەك ئىدى. ئۇ قاپقارا مۇنچاقتەك كۆزلىرىنى رابىيەنىڭ ئىشلەۋاتقان ھېسابىغا تىكىپ تۇراتتى. بىر چاغدا ئۇنى كۈلكە قىستاپ تېلىقىپ كۈلدى.

— ھەي ئاچا، يەتتە كەررە يەتتە 54 بولامدۇ؟

رابىيە تۇرۇپلا قالدى. تاپىنلىق ئۇ كەررىلەرنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان بولسا - ھە؟!

ھېسابىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان ئۈچىنچى ئۇكىسى كۈلۈپ، بىر پۇتلاپ سەكرەپ، رابىيەنىڭ يېنىدا ئايلىنىشقا باشلىدى.

— يەتتە يەتتە 54، ۋاي 54 ...

رابىيە يىغلىۋەتتى. ھېسابنى خاتا چىقارغىنىغىمۇ ياكى نېمىگە يىغلىغىنىنى ئۆزىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىگەن بولاتتى.

× × ×

كىچىك ئۇكىسىنى يەسلىگە ئاپىرىپ بېرىشتى. ئەمدى رابىيەنىڭ مەكتەپكە كىرىشىگە ئىمكان تۇغۇلدى. ئۇ خۇشلۇقىدا كىچىچە كىرپىك قاقمىدى. ئۇكىلىرىنىڭ دەپتەر، قەلەملىرىنىڭ ئىشلىتىلمەي تۇرغانلىرىنى تېپىپ، ئۆزىگە دەپتەر تەييارلىدى. مەيلى خەقلەر ئۇنى «تۆگە» دېسىمۇ دەۋەرسۇن، ئىشقىلىپ، يەنە پارتىدا ئولتۇرسا، ئىنشا يازسا، كۆنۈكمە ئىشلىسە بولدى. رابىيە ھېساب بىلەن تىل دەرسىنى ياخشى كۆرەتتى. ئاچىسى مەكتەپكە كەتكىلى نەۋاخ، نېمىشقا ھېلىغىچە كەلمەيدىغاندۇ؟ ...

تېلېفون جىرىڭلىدى، رابىيە يۈگۈرۈپ بېرىپ تېلېفوننى ئالدى، تېلېفوننى ئاچىسى بەرگەن ئىدى.

— رابىيەمۇ؟

— ھەئە مەن.

نېمىشقىدۇر ئاسمانگۈل دۇدۇقلايتتى. گويا گېلىغا بىر نېمە كەپ-

لىشىپ قالغاندەك گېپىنى ئوگلاپ قىلالمايتتى. رابىيەنىڭ يۈرىكى جىغىلدىدى. ئۇ گويا تۇرۇپىكىدىن مەدەت كۈتكەندەك چىڭ تۇتقاچقا بارماقلىرى ئاقىرىپ كەتتى.

— رابىيە، رابىيە... ھەل بولمىدى.

رابىيە نېمىنىڭ ھەل بولمىغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇنىڭ ئوقۇشى ھەل بولمىغان ئىدى. چۈنكى، رابىيەنىڭ نوپۇسى تېخىچە قارا باغ يېزىسىدا. ئاكىلىرى خېلى يول ماڭغانلىقىغا قارىماي، ھېلىغىچە يېزا نوپۇسىنى شەھەرگە ئالدۇرالمىغان ئىدى. نوپۇس بولمىغاندىكىن مەكتەپكە ئالغۇزغىلى بولمايدىغانلىقىنى رابىيە بىلىپ يەتكەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئاچىسى تونۇشلار ئارقىلىق بىر ئۇرۇنۇپ كۆرەي دەپ، خېلى يىراقتىكى بىر زاۋۇتنىڭ پەرزەنتلەر مەكتىپىگە يول ماڭغان بولسىمۇ ھەل بولمىغان ئوخشايدۇ. رابىيەنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاقتى. ئىككى - ئۈچ يىلدىن بېرى ئىچىگە يىغىلىپ قالغان ياشلارنى بۇگۈن ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىپ قاتتىق يىغلىدى.

× × ×

ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە قاراپ ماڭغان پاسازىر ئاپتوبۇسىنىڭ دېرىزىسىدىن سوققان يېشىملىق شامال چاچلارنى، كۆڭلەكلەرنى يېنىك يەلپۈيتتى. دېرىزىدىن قاراپ ئولتۇرغان رابىيە يىراقتىكى تاغلارغىمۇ، چۆللەردىكى قىزىل يۇلغۇنلارغىمۇ، غىلاڭ سايدا ماشىنا بىلەن بەسلىشىپ چېپىشۋاتقان ئاھۇلارغىمۇ قارىمايتتى؛ پەقەت، كۆكۈش چوپۇندەك كۆرۈنۈپ پىرقىراپ كەينىگە چېپىشۋاتقان يولغا ۋە ئۇنىڭ چېتىدىكى كىلومېتىر تاختىلىرىغا كۆز سالاتتى. «500 كىلومېتىر» دەپ پىچىرلاپ، ئۇنىڭ لەۋلىرى ۋە چىرايىغا بىر سەبىي كۈلكە تارىدى. دېمەك، ئۇنىڭ ئارمىنىغا يېتىشكە، ئۇنىڭ مەكتىپىگە يەنە 500 كىلومېتىرلا قالدى؛ ئۇنىڭ دوست - ئاداشلىرىغا ۋە ئامراق مۇئەللىملىرىگە يېتىشكە 500 كىلومېتىرلا قالدى. بۇ ئۇنىڭ ئوگىمۇ، چۈشىمۇ، بەزىدە ئوگى ئىككىلىكىگە ئىشەنمىگىلى تاس

قالدۇ . 500 كىلومېتر يول يۈرگەندىن كېيىن قاراباغ يېزىسىغا باردۇ . ئاندىن ئون ئېرىق باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ كۆنگەيگە قارايدىغان 5 - سىنىپىغا كىرىپ ئوقۇيدۇ . ئۇ يەردە ئۆرۈمچىدىكىدەك رەسمىيەتلەر جىق ئەمەس . مۇئەللىملەر ئۇنىڭ مەكتەپكە بارغىنىغا خۇش بولۇپ كېتىدۇ ، ئۇنىڭ 5 - سىنىپنىڭ دەرسلىرىگە تەييارلانغىنى نەۋاخ ...

本集子选录女诗人、作家图尔逊阿依.玉赛因的11部短篇小说。

# 金红色的叶子

（短篇小说集）

作者：图尔逊阿依.玉赛因
责任编辑：穆罕默德.阿不利孜.伯日亚尔
责任校对：阿依夏木.阿布都吾力

喀什维吾尔文出版社出版
新疆新华书店发行
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
850×1168毫米1/32开本 4.5印张1插页
1997年10月第1版 1997年10月第1次印刷
印数：1—4080

ISBN7-5373-0555-2/I.143(民文)
定价：4.00元

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : غەيرەت خالىق

ISBN 7-5373-0555-2

9 787537 305556 >

ISBN7 — 5373 — 0555 — 2

I.143 (民文) باھاسى : 4.00 يۈەن